پېرىم ئايلىق ژۇرنال

# ئامانلىق

法治人生

13

2010 - يىل 7 - ئاي



## مەتمىننىڭ ئوغرىلىق شايكىسى

## ئايال سىستىرا ئاشىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى

## 16 يىل قېچىپ يۈرگەن قاتىلنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشى

## پاي چېكى بازىرىدىكى غالجىرلىق

## زوراۋانلىق ياراتقان «رىۋايەت»

## ئەنگلىيەلىك زەھەر ساتقۇچىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى

国际标准刊号:ISSN 1674-2141 国内统一刊号:CN65-1275/D 邮发代号:58-147 定价:6.00元

# ھەر بىر بالا بەئەينى بىر پارچە شېئىر




بالىلىق دەۋر ئەمدىلا چىققان بىخقا، كۆپكۆك ئاسمانغا ئوخشايدۇ. بالىلىق قەلب شېرىن خىياللارغا تولغان بولىدۇ. ھەر بىر بالا بەئەينى بىر پارچە شېئىردەك كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىن، قىلىقلىرىدىن بىز بالىلىقىمىزنى ئەسلەيمىز، بالىلار دۇنياسىغا غەرق بولىمىز.













1 ـ سۈرەتتە: 2007 ـ يىل 9 ـ ئاپرېل ئۈچ ھىندىستانلىق بالا چوكا مۇز يېمەكتە.

2 ـ سۈرەتتە: 2005 ـ يىل 26 ـ ئۆكتەبىر لوندوندا بەش ياشلىق باتېل بىر قاراۋۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكتە.

3 ـ سۈرەتتە: 2007 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست گېرمانىيەلىك بىر بالا دېڭىز ساھىلىدا بىر تيۇلېنغا قاراپ تۇرماقتا.

4 ـ سۈرەتتە: 2006 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇست بىر بالا نيۇ يوركتا سۇ ئويناماقتا.

5ـ سۈرەتتە: 2009 ـ يىل 14 ـ ماي لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر نامىراتلار رايونىدا بىر بالا چوڭلاردەك ياسىنىپ پائالىيەتكە قاتناشماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى)

# ۋاقىتنىڭ قىممىتى

ئاشقازان راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان 40 ياشلىق بىر دادا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىمۇ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن، بۇ دۇنيادىن قىيالماسلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپتۇ، كېسەل ئازابى ئېلىپ كەلگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، كۆپچىلىككە بەختنىڭ مۇقەررەر ئەمەسلىكىنى، باشقىلارنى قەدىرلەپ، ھاياتنى قىزغىن سۆيۈشنى تەكىتلەپتۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: ئۆلۈم، ئازاب ـ ئوقۇبەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلىقى ئائىلىدىكىلەرنى قايغۇ ـ ھەسرەتكە سېلىش.

ئۆيدىكىلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن ھەربىر دەقىقىنى قەدىرلەش ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولغان بۇ دادىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: سىز بىر مىنۇت، بىر سېكۇنت، ھەتتا بىر دەقىقىنىڭ قىممىتىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر سىز بىر دەقىقە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئالتۇن مېدال ئالالمىغان بىر تەنھەرىكەتچىدىن سوراپ بېقىڭ. ئەگەر سىز بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىر ئامان قالغۇچىدىن سوراپ بېقىڭ. ئەگەر سىز بىر مىنۇت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئايروپىلانغا ئۆلگۈرەلمەي قالغان يولۇچىدىن سوراپ بېقىڭ . ئەگەر بىر سائەت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئىشق ئوتىدا پۇچىلىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولغان ئاشىق ـ مەشۇقتىن سوراپ بېقىڭ. ئەگەر بىر ھەپتە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۈرمىدىكى مەھبۇستىن سوراپ بېقىڭ. ئەگەر بىر ئاي ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۇغۇتى بالدۇر كەلگەن بىر ئانىدىن سوراپ بېقىڭ. ئەگەر بىر يىل ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سىنىپ كۆچەلمىگەن بىر ئوقۇغۇچىدىن سوراپ بېقىڭ.

مەيلى سىز پادىشاھ ياكى پۇقرا بولۇڭ، پۇلدار ياكى يوقسۇل بولۇڭ، ۋاقىتنى قەدىرلىشىڭىز كېرەك. ھېچكىممۇ ۋاقىتنى ئەتىگە ھېسابات قىلىپ يۆتكىيەلمەيدۇ ھەمدە ئالدىن چىقىم قىلالمايدۇ. قولىڭىزدىن كېلىدىغىنى سىزگە تەۋە بارلىق نەرسىلەرنى قەدىرلەپ، ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقىگە گۈزەللىك ۋە شادلىق ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت .

مامۇتجان نۇرمۇھەممەد تەرجىمىسى

پىرىم ئىلىق ئۇنىۋېرسال ئاخبارات ژۇرنىلى

# ئامانلىق

(ئومۇمىي 85 ـ سان)

مەسلىھەتچى ئورۇنلار: ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسى ـ قانۇن كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتخانىسى

ھەمكارلاشقۇچى ئورۇن: ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى

ئالىي مەسلىھەتچىلەر: جاپپار ھەبىبۇللا، ياڭ جاۋجى، روزى ئىسمايىل، قاسىم ماموت، جۇ ۋېنيى، سۈي ياجۇ، مۇھەممەت روزى، گو يۈكخۇي، جۇ چيەن، ليۇ كېچەن، گۇ خيۇ، جۇ چاگجيې، ئابلىز ھوشۇر (ئەدلىيە نازارىتى) ليۇ شىنشېڭ، دۇ جيەنشى، ئابلىز ھوشۇر (قانۇنچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى)، لى جىجيېڭ، ۋاڭ يۈشىن، سۈن يۈشيا، لى جىنگۇاڭ

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: سۇ جىشاڭ
تەھرىر ھەيئەت مۇئاۋىن مۇدىرى: خۇ ياگچۈن
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: دىلشات تۇرسۇن، ئابدۇرۇسۇل ياقۇپ مۆلجەر، ۋاڭ لىشىن، خۇ كې، ليۇ جيەنرۇڭ، دىڭ شياۋچېن، مياۋ جيەنمىن، گوڭ پېيدې
تەھرىرات باشلىقى، باش مۇھەررىر: خۇ ياگچۈن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: دىلشات تۇرسۇن
تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت يۈنۈس
مۇھەررىرلەر: قەيسەر تۇرسۇن، گۈلبوستان غولام
بەتچىك: شۆھرەت توختى
كوررېكتور: ماھىرە مۆمىن

(ژۇرنال ئىچىدىكى بەزى سۈرەتلەر ماقالە مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز)

## مۇندەرىجە

**ئەتراپىمىزدىكى ئىشلار**

مەمتىمىننىڭ ئوغرىلىق شايىكىسى ........................ ئېلى جامال (ت) 3

**قانۇن مېنىڭ قورالىم**

ئاپتونوم رايونىمىزدا بىلىم مۇلۇك ھوقۇقىنى قوغداشقا دائىر ئون چوڭ دېلو ئېلان قىلىندى .................. 7

**ئورنى كەم كۆڭلسا ئۆزى چۈشەر**

شەھۋانىي سۈرەت بىلەن 17 ئادەمنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ........................ ئېلى جامال (ت) 10

**جەمئىيەت ۋە ئائىلە**

ئايال سېسترا دورا بىلەن ئاشنىسىنى ئۆلتۈردى ........................ مۆمىن روزى (ت) 16

خوتۇننى باشقا ئەرنىڭ قۇچىقىغا ئىتتىرگەن ئاچ كۆز ئەرنىڭ شەرمەندە بولۇشى ........................ غېنى تاھىر (ت) 40

**جەمئىيەت ۋە قانۇن**

16 يىل قېچىپ يۈرگەن قاتىلنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشى ........................ نىجات ئابلىمىت (ت) 21

قەشقەردىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن جازانىخورلار ئائىلىسى ........................ ئابدۇۋېلى ئابلىمىت 26

پاي چېكى بازىرىدىكى غالجىرلىق ........................ مۆمىن روزى (ت) 58

**خەۋەر**

بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئون چوڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش دېلوسى ........................ ئەسقەر مۇختەر (ت) 23

**جىنايەت ۋە جازا**

ئەنگلىيەلىك زەھەر ساتقۇچىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ........................ ئىمىنجان قۇربان (ت) 29

**نىكاھ ۋە ئائىلە**

قېيىنسىگىلىسى بىلەن تېپىشىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان پاجىئە ........................ ئابدۇرېشىت (ت) 33

**جاسۇسلۇق ھەققىدە ھېكايە**

زوراۋانلىق ياراتقان «رىۋايەت» ........................ ئىجات ئىبراھىم (ت) 48

**ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا**

دوستىغا «ياردەملىشىپ» بالاغا قېلىش ........................ ئابدۇرېشىت مەمتىمىن (ت) 56

**قانۇن دەرسخانىسى**

بالىنى قېيىنئانامنىڭ بېقىشىنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ قاتارلىقلار ........................ 62

**تەرمىلەر**

خەلقئارا سېسترالار بايرىمى قانداق كېلىپ چىققان قاتارلىقلار ........................ ئەخمەت توختى قاتارلىقلار (ت) 39

**ئارامگاھ**

ناتونۇش كىشىلەرنىڭ مېھرىبانلىقى، سىزنى ئېسىدە ساقلايدىغان ئادەم، يۇمۇرلار قاتارلىقلار ........................ گۈلجەننەت مۇھەممەت، ئارزۇگۈل خوجا قاتارلىقلار (ت) 63، 64

# مەتىمىننىڭ ئوغرىلىق شايكىسى



سەي شۈي

ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇپ، يۇقىرىسى ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى، بەزىلىرى ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرمەيلا ئوقۇشنى تاشلاپ، جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەبىيلەرچە قىلمىشىنىڭ قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشمىگەنىدى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇلار ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنىدى. ئۇلار قانۇن ئېگىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن جىنايەت پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتتى...

ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىشى پۇختا، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولۇپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، بىرىكتۈرۈش، سىرلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش «مۇلازىمەت» گەۋدىلەشكەن مەخپىي يەر ئاستى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ بىر قاتار چىگىش ئوغرىلىق دېلولىرىنى باش پىلانلىغۇچى ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە كۆپ قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ جازالىنىپ قويۇپ بېرىلگەن مەتىمىن ئىدى.

«تۆمۈر قەپەز» كىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىلىپ - بىلمەي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان كىشىنى جىنايى قىلمىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان قىلىۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئىرادىسى ئاجىز، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلمەيدىغان كىشىنى قەيسەر قىلىۋېتىدۇ. مانا بۇ قانۇنىنىڭ كىشىنى ئۆزگەرتىدىغان غايەت زور كۈچىدىن ئىبارەت. بىراق بەزى كىشىلەر ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان تۈرمىگە نۇرغۇن قېتىم كىرىپ چىققاندىن كېيىن، يۈرىكى يوغىناپ بارغانسېرى تەلۋىلىشىپ كېتىدۇ، قانۇنىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى نەزەرىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. مەتىمىن ئەنەشۇ قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەي، كونا كەسپىنى داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ بىرى. مەتىمىن پۈلگە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى بىلەن ئۆزىنى داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇپ قالالمىدى، ئەكسىچە جىنايەتنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتتى.

2008 - يىلى ئەتىيازدا مەتىمىن تۈرمىدىن چىقىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان تۆۋەن قوۋۇققا كەلدى. ئۇ قاتار كەتكەن دۇكانلاردا مودا كىيىنىپ بازار ئايلىنىۋاتقان قىز - يىگىتلەرگە ھەۋەس بىلەن قاردى، ئۇلارغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ پۇلغا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇ گاھى بېشىنى ئېگىپ يەرگە، گاھى بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆك ئاسمانغا باقتى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولى توغرىسىدا باش قاتۇردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئۇ بىر نىيەتكە كېلىپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەشقەرگە بېرىپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ



شەھەرگە كەلمىگىننگە ئۇزۇن يىللار بولغانىدى، شەھەردە
يېڭىدىن نۇرغۇن بىنالار قەد كۆتۈرگەنىدى. مەمتىمىن
قەشقەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دې-
گۈدەك بىرمۇ قۇر ئايلىنىپ چىقتى ۋە بىر ئۆينى ئىجارىگە
ئېلىپ تۇردى. ئۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك ئىش ئىزدەش
ئۈچۈن، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلى-
رىدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان توكلۇق موتوسىكلىتنى كۆرۈپ،
بىردىنلا كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ
بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ شورىدى. ئۆتكەن
ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى...

مەمتىمىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە قىسقىغىنا يې-
رىم يىل ئىچىدە ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئوندىن ئارتۇق توك-
لۇق موتوسىكلىتنى ئوغرىلىغان ھەمدە كۆزنى قاماشتۇرىدى-
غان بۇ توكلۇق موتوسىكلىتلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرگە-
نىدى. بۇگۈنمۇ بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر
قېتىم نامايان بولدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. تۇ-
يۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «ھازىر ئەھۋال ئوخشمايدۇ،
كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى كەسىپ قىلىۋېلى-
شىم، ئۆزۈمگە شېرىك تېپىشىم كېرەك» دېگەنلەر يالت قى-
لىپ ئۆتتى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ باۋۇدۇن
بىلەن تونۇشۇپ قالدى. باۋۇدۇن قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ
بولغانىدى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تىجارەت قىلغاچقا، كۈنى
ھەر ھالدا باياشات ئۆتەتتى، شۇڭا ئۇ ئىشلىمىسىمۇ قورسى-
قىدىن غەم قىلمايتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا رېستورانلار-
دىن ۋە باشقا مۇلازىمەت كەسپلىرىدىن ئىش تېپىپ بەر-
گەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشلەشنى خالىمىغانىدى، شۇڭا باۋۇدۇن
مەمتىمىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوغرىلىقنى ھەم ئاسان پۇل
تاپقىلى بولىدىغان، ھەم قىزىقارلىق كەسىپكەن دەپ
ئويلاپ، تېزلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىششقا ماقۇل بولدى.

ئۇلارنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى قەشقەرنىڭ توكلۇق
موتوسىكلىت بازىرىنى «تەكشۈرۈش» بولدى. مەمتىمىن
توكلۇق موتوسىكلىت ئوغرىلاشنىڭ «ئەھلى» ئىدى. ئۇ
ئۈرۈمچىدە توكلۇق موتوسىكلىت ئوغرىلاش جەريانىدا مول
تەجرىبە توپلىغانىدى. ئۇ ئاۋۋال موتوسىكلىتنىڭ يېنىغا بې-
رىپ، يېنىك ئۇرۇپ بېقىپ، سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى
بار - يوقلىقىنى بىلىپ باقاتتى، ئاندىن تۇتقۇچىنى بۇراپ،
قۇلۇپلانغان - قۇلۇپلانمىغانلىقىنى بىلەتتى. قۇلۇپلانغان
تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، ئۇ
قولىغا «ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ» نى بىرنى ئېلىپلا قۇلۇپنى
ئېچىۋېتەتتى - دە، ئۇنى ئېلىپ بىردەمدىلا غايىب بولاتتى.
ئۇ بۇ بىر يۈرۈش «تېخنىكا» سىنى بىرنى قويماي باۋۇدۇن-
غا ئۆگىتىپ قويدى. باۋۇدۇن ئاران باشلانغۇچ مەكتەپ مە-
دەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىنى
تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار سودا بازىرى، دۇكان، ئىدارىلەر-
نىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان توكلۇق موتوسىكلىتلارنى
ئوغرىلىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇلار ئانچە
كۆپ كۈچ سەرپ قىلماي، نەچچە ئون توكلۇق موتوسىك-
لىتنى ئوغرىلاپ، ئۆزلىرى ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە توختىتىپ
قويدى. ئوغرىلىقتا ئەسەبىيلەرچە كىرىشىپ كەتكەن مەمتى-
مىن ئوغرىلاپ كەلگەن توكلۇق موتوسىكلىتلارنى سېتىشتا
ئاۋۋال سېتىۋالىدىغان ئادەمنى تېپىش، ئۆزى ئالدىراپ ئوت-
تۇرىغا چىقماسلىق، بىر نەچچە قابىل شېرىك تېپىپ،
«خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش» ھەمدە باشقىلارنىڭ تونۇۋې-
قالماسلىقى ئۈچۈن، ئوغرىلاپ كەلگەن موتوسىكلىتلارنى
ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ دوستلىرى تەۋسىيە قىلغان «قابىل نامزات» لاردىن ئە-
زىز، ئابدۇيۈسۈپ ۋە ئازادلارنى تاللاپ بېكىتتى. باۋۇدۇننىڭ
«تەربىيەلىشى» ئارقىلىق، ئۇلار تېزلا «ئىش ئورنىغا چىق-
تى» . ئەزىز ئابدۇيۈسۈپ ۋە ئازادلار ئالدىنقى باسقۇچلۇق

ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، سىرلاش خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، موتوسىكلىت ئۆزگەرتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ مەخپىي سېتىشقا مەسئۇل بولدى. مەھتىمىن سېتىشقا نۇرغۇن زېھنى سەرپ قىلدى، ئۇلار كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان توكلۇق موتوسىكلىت بازىرىدىن ئايرىلىپ، «ئاساسلىق جەڭ مەيدانى» نى شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان يەرگە، ھەتتا چەت - يىراق يېزا - كەنتلەرگە يۆتكىدى، شۇنداق قىلىپ، ئوغرىلاش، ئۆزگەرتىش، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن مەخپىي يەر ئاستى «پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى» ئىشقا كىرىشتى. ئوغرىلاپ كېلىنگەن توكلۇق موتوسىكلىتلار ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆزگەرتىشى بىلەن باشقا ماركىلىق، باشقا رەڭلىك توكلۇق موتوسىكلىتلارغا ئۆزگىرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ساقچىلارنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سېتىۋالغۇچى بىلەن ئالدىن ئالاقىلىشىپ قوياتتى، سودا ئورنىمۇ كۆپ ھاللاردا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جايلار ۋە يېزىلار بولاتتى. ئۇلار توكلۇق موتوسىكلىتلارنى كۆپ بولغاندا نەچچە مىڭ يۈەن، ئاز بولغاندا نەچچە يۈز يۈەنگىلا سېتىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەميانلىرىمۇ تومپىيىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ «بېيىش يولى» ماڭغانسېرى كېڭىيىۋاتاتتى. مەھتىمىننىڭ ھەدەپ قۇترىتىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، ئۇلار بىر - بىرلەپ كەلسە - كەلمەس يولغا مېڭىشقا باشلىدى، شۇنداق قىلىپ تەشكىللىي تەرتىپى بار شايكا شەكىللەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئايدا ئۇلارنىڭ «ئۇرۇش نەتىجىسى» كۆرۈنەرلىك بولدى. يۈزگە يېقىن توكلۇق موتوسىكلىت سودىسى ئوڭۇشلۇق پۈتۈپ، ئۇلار «بېيىش» يولىغا قەدەم قويۇشتى. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئەسلىدە مۇقىم خىزمىتى بار ئەزىز، ئابدۇيۇسۇپلەرمۇ بۇ ئىشقا بېشچىلاپ كىرىشىپ كەتتى، ئابدۇيۇسۇپ ئىنىسى ئازادنىمۇ بۇ ئىشنى قىلىشقا كۈشكۈرتتى. باۋۇدۇننىڭ خوتۇنىمۇ ياخشى كۈنگە شۈكرى قىلماي، پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئوغرىلىق شايكىسىغا قېتىلدى. 2008 - يىل ئۆكتەبىردە مەھتىمىن شايكىسىدىكىلەر بايۋەتچىلەردەك پۇزۇر كىيىنىشىپ، ئېسىل يەپ - ئىچىپ، ئويناشتى ھەمدە توكلۇق موتوسىكلىتلىرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ، خەققە كۆز - كۆز قىلىشتى، بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بەزىلەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىگە ئىنكاس قىلدى. ساقچىلار تەكشۈرۈشنى باشلىغاندا، ھېلىگەر شايكا ئەزالىرى ئىشنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدى، ساقچىلار ئامما دېلو مەلۇم قىلغان جايغا كەلگەندە، جىنايەت گۇماندارلىرى بۇ يەردىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇشقانىدى ھەمدە نەق مەيداندا ھېچقانداق يىپ ئۇچى قالدۇرمىغانىدى.

بىر كۈنى ئەلياتقۇ مەزگىلىدە رازۋېدكىچىلار چارلاۋېتىپ، جىنايەتچىلەر شايكىسى ئىلگىرى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرغان يەرگە ئون كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن بىر قورۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇلار ھويلىغا يېقىن كېلىپ، ئاي يورۇقىدا ھويلىغا ئۈچ توكلۇق موتوسىكلىتنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. سەزگۈر رازۋېدكىچىلار يەردە بىر مۇنچە زاپچاسلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، يەنە سىر پۇرىقىنى پۇراپ قالدى. ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ توكلۇق موتوسىكلىتنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى، رازۋېدكىچىلار ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپتىن:

— ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، نېمىشقا ئارام ئالمايسىلەر، — دەپ سورىدى.

ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇلار پۇقراچە كىيىنىۋالغان رازۋېدكىچىلارنىڭ يېرىم كېچىدە كېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا خاتىرجەم قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تىرىشتى. بىراق ئەزىز كېكەچلەپ:

— توكلۇق موتوسىكلىت ئۆزىمىزنىڭ، ئەتە بازار كۈنى، بىز بالدۇرراق تۇرۇپ ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى ئىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.



ئەزىزنىڭ بىنورمال ھەرىكىتىنى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان يېزا كادىرلىرىدەك كېيىنىۋېلىشقان رازۋېدكىچىلار بايقاپ قالدى. ئۇلار يىلاننى ئۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ رازۋېدكىچىلارنىڭ تاكتىكىسىنى سەزمەي قالدى. رازۋېدكىچىلار ھويلىدىن چىقىپ ئەتراپقا يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئەتىسى سەھەردە ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ توكلۇق موتوسىكلىت بىلەن يولغا چىقتى، رازۋېدكىچىلار ئۇلارغا ئەگەشتى، توكلۇق موتوسىكلىت ۋە ئاپتوموبىلنىڭ سىگنالى يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. رازۋېدكىچىلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققىنى، ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ چوڭ يولدىكى ئاۋات بازارغا ماڭماي، يېزا يولى بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن چەت بىر يېزىغا كەلدى. بۇ يەردە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، توكلۇق موتوسىكلىتنى ھېلىقى ئەر بىلەن ئايال ئېلىپ كېتىشتى، ئابدۇيۇسۇپ بىلەن ئەزىز شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. ئەجەبلىنەرلىكى، رازۋېدكىچىلار ئۇلارنىڭ سودىلاشقانلىقىنى كۆرمىدى، ئۇلار تونۇشلارمۇ ياكى دوستلاردىنمۇ قانداق؟ رازۋېدكىچىلار داۋاملىق ئابدۇيۇسۇپ بىلەن ئەزىزنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ شەھەر مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، بىر ئاشخانىغا كىرگەنلىكىنى، يەپ - ئىچىپ تويغاندىن كېيىن، سودىلاشقانلىقىنى بايقىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئەر بىلەن ئايال ئالدىن ئالاقىلىشىۋالغان توكلۇق موتوسىكلىتنى سېتىۋالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال توكلۇق موتوسىكلىتنى ئېلىپ كېتىدىغان، پۇل تاپشۇرۇش ۋاقتىنى كېيىن بېكىتىدىغان بولۇشقانىدى. قارىغاندا گۇماندارلار ئەمدى ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدىغاندەك قىلاتتى. رازۋېدكىچىلار پىلان بويىچە داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى، بىراق شۇ كۈنى رازۋېدكىچىلار ھېلىقى ئەر بىلەن ئايال ۋە ئابدۇيۇسۇپ، ئەزىزلەرنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەزىز، ئابدۇيۇسۇپلەر زادىلا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى غەرق مەست بولغان ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ دەلدەڭشىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ئارقىدىن ئەزىز يانفونىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئاكا، ئەتىكى سودىنىڭ ئورنى نە؟ قانچە موتسىكلىت كېرەك؟ — دېدى.

بۇ ئاۋازدىن رازۋېدكىچىلار دەررۇ سەگەكلەشتى، قارىغاندا بېلىقنىڭ تېخىمۇ چوڭى باردەك قىلاتتى. رازۋېدكىچىلار تاكتىكىسىنى دەرھال ئۆزگەرتتى، بىر گۇرۇپپا ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى، يەنە بىر گۇرۇپپا موتوسىكلىت سېتىۋالغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئەتىسى قاق سەھەردە رازۋېدكىچىلار ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېنىغا كېلىپ يوشۇرۇندى ھەمدە ئۇلار شەھەرگە ماڭغان تاكسىغا چىقىشىغىلا كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. تاكسى شىمالىي كۆۋرۈككە كەلگەندە ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ تاكسىدىن چۈشتى. بۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بەستلىك ئىككيلەن چىقتى، ئۇلار پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ئەزىز بىلەن ئابدۇيۇسۇپ ئۇ ئىككيلەننى يېقىن ئەتراپتىكى بىر يەرگە باشلاپ باردى. رازۋېدكىچىلار ئۇ يەرگە يېپيېڭى ئىككى توكلۇق موتوسىكلىتنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى، ئۇ يەردە يەنە باشقا ئۈچ ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەزىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ياش بىرەيلەنگە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن: «ئاكا، مال ئالماقچى بولغان كىشىنى باشلاپ كەلدىم. قالغىنى سىزگە قالدى» دەپ بولۇپ، ئابدۇيۇسۇپ بىلەن بىرگە نەق مەيداندىن ئايرىلدى.

رازۋېدكىچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار باھا تالىشىۋاتقاندا، پۇقراچە كىيىنگەن رازۋېدكىچى لى جياڭ سېتىۋالغۇچى قىياپىتىدە كېلىپ: «بۇ توكلۇق موتوسىكلىت ھەم يېڭى، ھەم ياخشى ئىكەن. سىزنىڭ سېتىۋالغۇڭ بولمىسا، مەن سېتىۋالاي» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئۈچىسى خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ گوۋن قارماققا ئىلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. سوراق جەريانىدا جىنايەت گۇماندارى — مەتىمىن شايكىسىدىكىلەر جىنايەت پاكىتلىرىنى تولۇق تاپشۇردى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 2008 - يىل ئىيۇلدىن 2009 - يىل يانۋارغىچە بۇ جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل توكلۇق موتوسىكلىتنى ئوغرىلىغانلىقىنى، دېلوغا چېتىلىدىغان سومما 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغانلىقى دەلىللەندى. بۇ جىنايەتچىلەر شايكىسى بىتچىت قىلىندى، ئۇلار قانۇننىڭ جازاسىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

**(ماقالىدىكى كىشى ئىسىملىرى ياسالما)**

**ئېلى جامال تەرجىمىسى**

# ئاپتونوم رايونىمىزدا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا دائىر ئون چوڭ دېلو ئېلان قىلىندى



ئۆز خەۋىرىمىز: 26 ـ ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 2009 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى ئون چوڭ دېلونى ئېلان قىلدى. بۇ ئون دېلو تۆۋەندىكىچە:

**1. «قاردەك ئىلى» ماركىلىق پىۋىگە «شىنجاڭ» ۋە «شىخۇ» ماركىلىق پىۋىنىڭ ئورۇسى ۋە بېزىكىنى ئىشلەتۋېلىش دېلوسى**

«يۇگوڭ» پىۋا شىركىتى ئىشلەپچىقىرىپ ساتقان «قاردەك ئىلى» ماركىلىق 12 گرادۇسلۇق پىۋىنىڭ سىرتقى ئورۇسى ۋە بېزىكى بىلەن شىنجاڭ پىۋا شىركىتى بىلەن شىخۇ پىۋا شىركىتى ئىشلەپچىقارغان پىۋىنىڭ سىرتقى ئورۇسىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ قالغان. سوت مەھكىمىسى «يۇگوڭ» پىۋا شىركىتىنىڭ قىلمىشىنى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات ئورۇسى ۋە بېزىكىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋېلىش قىلمىشى دەپ قاراپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىشنى دەرھال توختىتىشى، يۇقىرىقى ئىككى شىركەت مەھسۇلاتىنىڭ سىرتقى ئورۇسى، بېزەكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تېخى ئىشلىتىلمىگەن ماركىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشى ھەم ئىككى شىركەتكە ئايرىم ـ ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن تۆلەم بېرىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

**2. «شىگلوڭ» ماگىزىنىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ساختا ماركىلىق تاۋار سېتىش دېلوسى**

2009 ـ يىل نويابىردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئىقتىسادىي رازۋېدكا تارماق ئەترىتى ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، «شىگلوڭ» ماگىزىنىدا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ساختا ماركىلىق گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ماگىزىن خوجايىنى ليۇ xx ئەر ـ خوتۇننى نەق مەيداندا تۇتتى ھەم ئامباردا ساقلىنىۋاتقان دېلوغا چېتىشلىق 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى چاچ قارايتىش مەلھىمى، نەملەنگەن قول ياغلىق، لەۋ سۈرۈخ قاتارلىق تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ساختا چەت ئەل بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلدى. جىنايەت گۇماندارى ليۇ xx ئەيىبلىنىشكە يوللاپ بېرىلدى.

**3. سۇلفاتلاشقان پاختا تىۋىتىدىن مىكرو كىرىستاللىق سېللىيۇلوزا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى**

2009 ـ يىل سېنتەبىردە پاتېنت ئىگىسى — كۇيتۇن «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» خىمىيە شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىدىن «ساگفۇ» شىركىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۇلفاتلاشقان پاختا تىۋىتىدىن مىكرو كىرىستاللىق سېللىيۇلوزا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئاپ-

تونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ قاراپ چىقىش ئارقىلىق، «ساگفۇ» شىركىتى ئىشلەپچىقىرىپ ساتقان مىكرو كىرىستاللىق سىللىيولوزانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن چېتىشلىق دېلودىكى پاتېنتنى قوغداش تەلەپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغانلىقىنى دەلىللەپ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنىڭ سادىر بولغانلىقىنى قانۇن بويىچە بېكىتتى.

**4. ئۇيغۇر تىل - يېزىقدىكى 28 تور بېكىتىنىڭ «ناۋا» تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى**

2009 - يىل مايدا ئۇيغۇرچە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئۈرۈمچى «قارلۇق» شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى 28 تور بېكىتىنىڭ مەزكۇر شىركەت ئىشلىگەن «ناۋا» تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى نومۇرلىرىنى توردا ئىجازەتسىز تارقاتقانلىقى ھەققىدە ئەرز سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى بۇ تور بېكەتلىرى مەسئۇللىرىغا قانۇن بويىچە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش



قىلمىشىنى توختىتىشنى ۋە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان مەزمۇنلارنى يۇيۇۋېتىشنى ئۇقتۇردى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى سادىر قىلغان ئون تور بېكىتى ئۆزلۈكىدىن تاقالدى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى سادىر قىلغان قالغان 18 تور بېكىتى بۇ مەزمۇنلارنى يۇيۇۋەتتى.

**5. رادىياتورنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش لايىھەسى پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى**

2009 - يىل سېنتەبىردە قورغاس ناھىيەسىدىكى مەلۇم ئىمپورت - ئېكسپورت چەكلىك شىركىتى ساياھەت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش سودىسى شەكلى بىلەن تاموژنىدىن توك بىلەن قىزىتىلمايدىغان ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈركۈم رادىياتورنى قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. قورغاس تاموژنا خادىملىرى بۇ ماللارنىڭ خەۋپ - خەتىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بۇ بىر تۈركۈم مالدا ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش گۇمانى بارلىقىنى بايقاپ، دەرھال تەكشۈرۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. تاموژنا تەكشۈرۈش خادىملىرى مالنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ رادىياتورلارنىڭ 892 سىدە پېچان «خۋاشىڭ» قۇيمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش لايىھەسى پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش گۇمانى بارلىقىنى بايقىدى. پاتېنت ئىگىلىرىنىڭ بېكىتىشى بىلەن تاموژنا خادىملىرى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان بۇ بىر تۈركۈم مەھسۇلاتنى تۇتۇپ قالدى.

**6. «جيامۇ» ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ماركىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسى**

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ شايار شىركىتى «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىر سىمان دۇكىنى «تەيلىن» ماركىلىق «جيامۇ» ئارىلاشما ئوغۇتنى شۇ جايدىكى ئالتە پاختىكارغا سېتىپ، «جيامۇ» ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىپ، 49 مىڭ 350 يۈەنلىك قانۇنسىز تىجارەت سوممىسىغا ئېرىشكەن. شايار ناھىيەلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پاش قىلىنغان دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسەن قانۇن بويىچە جاۋابكارنىڭ ماركا ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا 49 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇش مەمۇرىي جازاسى بەردى.

**7. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن توڭ دىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسۈملۈك يېڭى سورتىنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى دېلوسى**

توڭ دىڭنىڭ كۆممىقوناق 15 ـ 35 سورتى ھەم «18 ـ نومۇرلۇق يېڭى كۆممىقوناق» سورتلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى شەخس. توڭ دىڭنىڭ بىلەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى مەزكۇر سورتنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېلىشىمنامىسى تۈزۈپ، مۇۋەپپەقىيەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى توختاملاشقان، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى مەزكۇر سورتنى مۇستەقىل كېڭەيتىپ، ھەر يىلى مەزكۇر سورتتىن قىلىنغان ساپ كىرىمنىڭ 25% نى توڭ دىڭنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى ئۈچۈن بەرگەن. يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ئىلتىماس قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن «18 ـ نومۇرلۇق يېڭى كۆممىقوناق» نى يېزا ئىگىلىك ئۆسۈملۈكلىرى يېڭى سورتى قىلىشنى مۇستەقىل ئىلتىماس قىلغان. توڭ دىڭنىڭ قانۇن بويىچە ئەرز سۇنغان. دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسەن، سوت مەھكىمىسى ئۆسۈملۈك يېڭى سورتىنىڭ ئىلتىماس قىلىنىش ھوقۇقى مۇشۇ سورتنى تەتقىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن كىشىگە مەنسۇپ دەپ قاراپ، مەزكۇر كۆممىقوناق سورتىنىڭ ئىلتىماس قىلىنىش ھوقۇقى توڭ دىڭنىڭغا مەنسۇپ دەپ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقاردى.

**8. «توگباۋ» كىتابخانىسىنىڭ ساختا نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش دېلوسى**

2009 ـ يىل 4 ـ ئىيۇن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى (نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى) نىڭ قانۇن ئىجراچىسى «توگباۋ» كىتابخانىسىنىڭ ئامبىرىدىن ئېلىمىزنىڭ تۆت چوڭ كىلاسسىك ئەسىرى، «ئاندېرسون چۆچەكلىرى» قاتارلىق ساختا نەشر بۇيۇملىرىغا چېتىلىدىغان 21 تۈرلۈك كىتابتىن جەمئىي 12 مىڭنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ كىتابلارنىڭ ساختا نەشر بۇيۇملىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ج خ ئورگانلىرى «توگباۋ» كىتابخانىسىنىڭ مەسئۇلى جو xx نى جىنايى ئىشلار بويىچە قامىدى، مەزكۇر دېلو تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

**9. «شيەنگۋاڭ» ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى**



2009 ـ يىل مارتتا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ «شيەنگۋاڭ» كۈندىلىك گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى تاموژنا تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدىن ئۆتكەن مال بېسىلغان بىر ئاپتوموبىلغا مەزكۇر شىركەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان ساختا ئاياغ مېيىنىڭ قاچىلانغانلىقىنى بايقىدى. تاموژنا تارماقلىرى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش بويىچە جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، شۇ يىل ئاپرېلدا ئەركەشتام تاموژنىسىنىڭ ماللارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئامبىرىدىن «شيەنگۋاڭ» ماركىسىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان 1212 ساندۇققا قاچىلانغان جەمئىي 193 مىڭ 920 تال ئاياغ مېيىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى.

**10. چىدامچانلىقى ئاشۇرۇلغان تالالىق نەيچە (قوش يوللۇق) نىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش لايىھەسى پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېلوسى**

2009 ـ يىل مارتتا پاتېنت ئىگىسى «ۋېيفاڭ» پىلاستىك ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى بولاقتاغ رايونىدىكى مەلۇم بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئورنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىدامچانلىقى ئاشۇرۇلغان تالالىق نەيچىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش لايىھەسى پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقى توغرىسىدا ئەرز سۇندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ، مەزكۇر سېتىش ئورنىنىڭ ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى سادىر قىلغانلىقىنى بېكىتتى، شۇنداقلا ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش زىيىنىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈردى، مەزكۇر سېتىش ئورنى پاتېنت ئىگىسىگە 19 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم بەردى.



# شەھۋانىي سۈرەت بىلەن 17 ئادەمنى قىلتاققا چۈشۈرۈش

جىن تۆك

**ئۇ ئىلگىرى كاتتا زاۋۇت باشلىقى بولغان، كېيىن سو- دىسى خارابلىشىپ ۋەيران بولغان ۋە يەنە قايتىدىن ئىگە- لىك تىكلىگەنىدى. ئۇ مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن «ئىلھام» ئېلىپ، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ئادەمنى جەم قىلىپ، كاتتا بايغا ئايلى- نىش يولىغا ماڭدى، يەنى ئۇلار شەھۋانىي سۈرەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پار- تىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا - ئورۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلدى...**

دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن، گې xx بىلەن جاۋ xx جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، قانۇن يۈرگۈزگۈچى خا- دىمغا: «بىز گۇناھىمىزنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنىمىز، ئاد- ۋوكات تەكلىپ قىلمايمىز!» دېدى. 2009 - يىل ئىيۇلدا جىنەن شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزى رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ بۇ دېلوغا قاراپ چىقىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش، ئالدامچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك ئالتە يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

ساقچىلار ئۇلارنىڭ 2009 - يىل سېنتەبىردىن نويا- بىرغىچە ئالاھىدە تېز يوللانما شەكلىدە 99 پارچە تەھدىت خېتى ئەۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ 41 پارچىسىنىڭ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ پاش بولغانلىقىنى، باشقا 58 پارچە خەت ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، 17 كىشىنىڭ جىنايەتچىلەر تەمىنلە- گەن ھېسابات نومۇرىغا جەمئىي 79 مىڭ يۈەن سالغانلىقى- نى؛ جىنايەتچىلەرنىڭ يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلى- رىنى ئالداپ، 153 مىڭ يۈەن ھارام پۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەرگە تارقالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە پار- تىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دوختۇرخانا باشلىقى، ئۆي - مۈلۈك شىركىتى خوجايىنى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى. ھازىر گې xx بىلەن جاۋ xx تۈرمىدە جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتىدۇ.

## تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن «ئىلھام» ئېلىپ، جىنايەت يولىغا مېڭىش

2003 - يىلىنىڭ يېڭى يىل ھارپىسى كەچتە جىنەن شەھىرىنىڭ لىچېڭ مەھەللىسىدىكى بىر كىچىك مېھمانخا- نىدا 32 ياشلىق ياڭ xx ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. مېھمانخانىدا ئادەم يوق ئىدى، مېھمانخانا ئىچى ناھايىتى سوغۇق كۆرۈنەتتى.

ياڭ xx تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كې- يىن، بىر زاۋۇت ئاچقان بولۇپ، سودىسى بىر مەھەل تازا يۈرۈشۈپ، مۇقىم مۈلكى نەچچە مىليون يۈەنگە يەتكەنىدى، كېيىن بازار تازا ياخشى بولماي، سودىسى كاساتلىشىپ، ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. قىيىنچىلىق ۋە كەمبەغەللىك جېنىغا پاتقان ياڭ xx 2002 - يىل ئىيۇندا ئۆلكە مەركىزى جىنەنگە كېلىدۇ ھەممە قايتا باش كۆتۈ-

رۇشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ بازارنى ئەتراپلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر ئېلان شىركىتى قۇرماقچى بولىدۇ ھەمدە ئۇ يەر - بۇ يەردىن قەرز ئېلىپ توپلىغان مەبلىغى بىلەن شىركەتنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، بىر ئىشخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ، سىرتتىن خادىم قوبۇل قىلىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىرمۇ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىش ئىزدەپ كەلمەيدۇ... ئۇ ھاراق بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقاندا، ياش بىر مېھمان كىرىپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— ئىسمىم گې xx، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن زۇچېڭ شەھىرىدىن جىنەنگە كېلىپ، ياۋجياجۇاڭ كەچلىك بازىرىدا مىلىچ مال سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن، — دەيدۇ.

— يايمىچىلىق قىلىپ قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولاتتى، ئۇنىڭدىن كۆرە مېنىڭ ئېلان شىركىتىمگە كېلىپ ئىشلە، بىر ئېلان ئېلىپ كېلەلىسەڭ، ئالىدىغان شىرىنكانەڭ بىلەن نەچچە ئاي جان باقسەن! — دەيدۇ ياڭ xx ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا.

ئەمدى 22 ياشقا كىرگەن گې xx ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان «ئاق ياقىلىق» بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ ياڭ xx كە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گې xx يەنە 19 ياشلىق يۇرتدىشى ۋاڭ xx نى باشلاپ كېلىپ، ياڭ xx كە تونۇشتۇرىدۇ. كېيىن ئۇلار ياڭ xx نىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولۇپ قالىدۇ.

ياڭ xx نىڭ ئېلان شىركىتى بىر ئاينىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئېلان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. چاغان كېلىشكىمۇ ئاز قالىدۇ، ئۇلار يېڭى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئاھ ئۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ھارپا ئاخشىمى ئۇلار ھارىقنى ئېچىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەست - ئەلەس ھالەتتە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشىدۇ. قايسىدۇر بىر قانالدا «ئاياللار سوكۇت قىلىۋەرمەيدۇ» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلۇۋاتاتتى. فىلىمدىكى سەلبىي پېرسوناژ ۋاڭ شيەنشېڭ مۇخبىر سۇ جىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، سۇ جىڭنىڭ ئادۋوكات سى دالەننىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان ھالىتىنى ئوغرىلىقچە سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ ھەمدە بۇ سۈرەتنى كومپيۇتېردا ئىلگىرى ئۆزى تارتىۋالغان سۇ جىڭنىڭ ئېرى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرغان سۈرىتىگە كىرىشتۈرۈپ، سۇ جىڭنىڭ سى دالەن بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرغان سۈرىتىنى ياساپ چىقىپ، ۋۇ جىڭجۇن بىلەن سى دالەننىڭ خوتۇنىغا بىر پارچىدىن ئەۋەتىدۇ.

ياڭ xx بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نۇرغۇن ئەمەلدار قولىدىكى ھوقۇقى ۋە كۈچىگە تايىنىپ سىرتتا خانقىزلارنى ئىزدەيدۇ، ئاشنا تۇتىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى ئوغرىلىقچە سۈرەتكە تارتىپ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىپ بەرسەك، ئۇلارنىڭ ياۋاشلىق بىلەن پۇل چىقارماسلىققا ھەددىمۇ؟ — دەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى گې xx بىلەن ۋاڭ xx نى ياپىرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋەككۇل قىلىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ.

تېلېۋىزوردىكىگە ئوخشاش شەھۋانىي سۈرەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن، چوقۇم بەلگىلىك كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە تور بىلىمى بولمىسا بولمايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئادەتتىكىچە ئىدى. ياڭ xx ئالدى بىلەن «تېخنىكا تەربىيەسى» بېرىش ئۈچۈن، پۇل چىقىرىپ گې xx نى كومپيۇتېر مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋاڭ xx نى تورخانىدا ھەر قايسى ئۇچۇر تورلىرىدىن شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ شەخسىي ماتېرىيالى ۋە سۈرەتلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇيدۇ. 2003 ـ يىل مارتتا ياڭ xx ۋاڭ xx سېتىۋالغان شەھۋانىي پىلاستىنكا بىلەن ئۇ يىغىپ قويغان جايلاردىكى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ نەچچە ئون پارچە سۈرىتىنى گې xx كە بېرىدۇ. گې xx نىڭ يېرىم كۈن ھەپىلىشىپ كىرىشتۈرگەن سۈرەتلىرى قوپال چىقىپ قالىدۇ.

— ئىسىت! سېنى پۇل چىقىرىپ كۇرستا شۇنچە ئۇزۇن ئوقۇتقىنىم، ئۆگىنىپ كەلگىنىڭ مۇشۇما سېنىڭ! — ياڭ xx سۈرەتنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

ئارزۇسىغا يېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان ياڭ xx ئاۋۋال





ئىشنى قىلىپ بېقىپ قالغىنىنى كېيىن كۆرمەكچى بولۇپ، «بىزدە سىېنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىڭغا ئائىت دەلىل - ئىسپات بار، ھازىرچە بۇ سۈرەتنى ئەۋەتتۇق، خەتنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال 5000 يۈەن سېلىۋەتسەڭ، دەلىل - ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىمىز...» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە تەھدىت خېتى تەييارلاپ، ئۇنى نەچچە ئون نۇسخا كۆپەيتىدۇ. ياڭ xx گې xx بىلەن جاۋ xx نى زىبو، ۋېيفاڭغا بېرىپ تەھدىت خېتى ۋە شەھۋانىي سۈرەتنى پوچتىدىن سېلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ.

— خەتنى نېمىشقا باشقا يەرگە بېرىپ سالىمىز؟ — دەپ سورايدۇ ئۇلار ھەيران بولۇپ.

— خەتنى جىنەندىن سېلىشساڭ، ئۆزۈڭنىڭ نەدىلىكەنى خەققە ئاشكارىلاپ قويۇشامسەن؟ — دەيدۇ ياڭ xx مەنسىتمىگەن ھالدا.

ئۇلار خەتنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەم تىت - تىت بولىدۇ، ھەم قورقىدۇ، ئەمەلدارنىڭ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خەتكە ئىشەنمەي دېلو مەلۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ياڭ ۋاڭ xx نى ساختا كىملىك بىلەن بېجىرگەن بانكا كارتىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئەۋەتىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن كارتىدا 5000 يۈەن كۆپىيىپ قالغانىدى. ياڭ xx خۇشال بولغىنىدىن ۋارقىراپ كېتىدۇ.

## ئاتا - ئانىلارنى ئالداپ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش

ياڭ xx تېخىمۇ چوڭراق ئىش قىلىپ باقماقچى بولىدۇ. ئۇ ۋاڭ xx بىلەن گې xx نى داۋاملىق شەندۇڭ، چىڭجۇ، دېجو ۋە جياڭسۇ قاتارلىق جايلارغا 300 پارچىدىن ئارتۇق تەھدىت خېتىنى ئەۋەتتۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، خەتلەر شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا يېزىلغانىدى. گەرچە گې xx كىرىشتۈرگەن سۈرەتلەرنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «تەلەپ بويىچە» پۇل سالىدۇ.

بۇ چاغدا گې xx يەنە جاۋ xx نى ئادەم تېپىپ، «قوشۇنى» نى كېڭەيتىشنى بۇيرۇيدۇ. «قوشۇن» زورايغاندىن كېيىن، مالىيە مەنبەسىمۇ كېڭىيىپ، يېرىم يىل ئىچىدىلا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كارتىغا كىرىدۇ. ياڭ xx 70 مىڭ يۈەنگە «فورد» ماركىلىق پىكاپ سېتىۋالىدۇ ھەمدە خۇيىيىن رايونىدىن تۆتەيلەن تۇرىدىغانغا بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ياڭ xx يىراقتىن قوماندانلىق قىلىدۇ، گې xx لار قاقتى - سوقتى قىلىش نىشانلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىدۇ، تەھدىت خېتى ئەۋەتىدۇ، ھارام پۇلنى كارتىدىن ئالىدۇ. «پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدىغان» ياڭ xx ئەۋەتكەن تەھدىت خېتىنىڭ سانى ۋە تاپشۇرۇۋالغان پۇللارنى تەخمىنىي ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 15 ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرى قارماققا ئىلىنغانىدى. ئۇ مەسىلىنىڭ مەنبەسى كىرىشتۈرگەن شەھۋانىي سۈرەت تازا راستەك چىقماپتۇ دەپ ئويلايدۇ. قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ياڭ xx يېڭى بىر «ئەقىل» تاپىدۇ. 2003 - يىلى نويابىرنىڭ بېشىدا ياڭ xx قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرىپ، گې xx نى راسا تىللىغاندىن كېيىن: «سىلەر ياخشىسى ساختا سۈرەت ياسايدىغان ئۇستىدىن بىرنى تېپىپ كېلىڭلار، مەن كۆپ پۇل تاپىدىغان ئوبدان بىر چارىنى تاپتىم» دەيدۇ.

ياڭ xx دېگەن «ئوبدان چارە» بىر قانچەيلەننى ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى ياكى ئوقۇتقۇچىسى ۋە دوختۇر قىياپىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا «بالىڭىز قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى» دەپ يالغاندىن تېلېفون بەرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالدىۋېلىش ئىدى. باش قاتۇرۇپ تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 5 - نويابىر ياڭ xx پىكاپىغا ۋاڭ xx، گې xx نى سېلىپ، جىنەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى تاشيول ياقىسىدا ئالدامچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

— ۋەي! سىز xx نىڭ دادىسى بولامسىز؟ مەن ئوغلىڭىز-

نىڭ سىنىپ مۇدىرى. xx قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى…

گې xx جېجياڭنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى شۇ xx كە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوغلى ئوقۇۋاتقان جېجياڭدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دەپ، ئۇنىڭغا دەرھال 28 مىڭ يۈەن ئوپېراتسىيە ھەققىنى ئۆزى تەمىنلىگەن بىر كارتىغا سېلىۋېتىشنى ئېيتىدۇ. بۇنى راست دەپ قالغان شۇ xx دەرھال بانكىغا بېرىپ، پۇلنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، 2000 يۈەننى ئارتۇق سېلىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەقنىڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئالدىۋالىدۇ.

دەسلەپكى «جەك» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىدۇ. كېيىنكى ئىككى ئايدا ئۇلار مۇشۇنداق ئويۇننى نۇرغۇن قېتىم ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن پەرزەنتىگە تېلېفون بېرىپ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، گې xx قاتارلىقلارمۇ نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ تىل - دەشناملىرىنى ئىشىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنىلا ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قالىدۇ، تېخى يۈنەنلىك بىر ئورگان كادىرى «قىزىڭىز قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەش تال سۆڭىكى سۇندى» دېگەن تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كارتىسىغا بىراقلا 80 مىڭ يۈەن سېلىۋېتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى قىياپىتىدە ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يالغاندىن تېلېفون بېرىپ پۇلنى ئالدىۋېلىش يولى ئارقىلىق كېلىدىغان پۇلنىڭ ۋاقتى تېز، سوممىسى كۆپ ئىدى، بىراق ياڭ xx خاتىرجەم بولالمايدۇ. 2004 - يىلى چاغاندىن كېيىن، ياڭ xx بىلەن قول ئاستىدىكىلەر تېلېفوندا ئالدامچىلىق قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىدۇ، ئۇ يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە تېزراق ساختا سۈرەت كىرىشتۈرىدىغان بىر ئۇستا تېپىپ كېلىشنى تاپىلايدۇ.

ياڭ xx نىڭ ئېلان شىركىتى بىرەرمۇ ئېلان ئېلىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بويايدىغان بۇ قالپاق ئۇنى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. 2004 - يىل فېۋرالدا ياڭ xx مەلۇم بىر گېزىتخانىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىر ئۆرۈلۈپلا، بۇ گېزىتخانىنىڭ شەندۈڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولۇۋالىدۇ. ئۇ مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن ھەممىلا يەردە ئېلان تاپماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن بەش ئايدىن كېيىن بۇ مۇخبىرلار پونكىتى بىكار قىلىنىدۇ. مۇخبىرلار پونكىتى بىكار قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «مۇخبىر» لىق سالاھىيىتى بىلەن داۋاملىق ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ.

ۋاڭ xx نىڭ لايىقى شەندۈڭدىكى مەلۇم سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. لايىقىنىڭ يەنە بىر ساۋاقدىشى خې xx باشقا بىر ئالىي مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ۋاڭ xx لايىقىنىڭ پاراڭ ئارىلىقىدا خې xx كومپيۇتېر ماھىرى دېگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، دەرھال خې xx بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ياڭ xx نىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ. ياڭ xx جىددىي تەرىزدە ئۇنىڭغا:

— مەن «xx ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى. مەن بەزى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم، بىز بىرەيلەننىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ قىز قۇشلاۋاتقان سۈرەتلىرىنى رەتلەپ بېرىشىگە موھتاج. — دەيدۇ.

خې xx «بۇ ئادالەتنى ياقلايدىغان ياخشى خىزمەت ئىكەنغۇ» دەپ ئويلاپ، دەرھال ماقۇل بولىدۇ. بىراق ياڭ xx بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر قاتار كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنى بۇ كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى شەھۋانىي پىلاستىنكىدىكى قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن كىرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىۋاتقان سۈرىتىنى ياساشقا بۇيرۇيدۇ، خې xx بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. ياڭ xx ئۇنىڭغا:



— باشقىچە ئويلاپ قالما، بۇنداق قىلىش بۇ چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ھەققانىيەتنى ياقلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارماقلىرىڭنى مىدىرلىتىپلا قويساڭ، تاپىدىغان پۇلۇڭ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ، — دەيدۇ.

ياڭ xx نىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن خې xx ياڭ xx نىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ياڭ xx نىڭ كۆرسەتمە بېرىشى بىلەن 2004 - يىل ئاۋغۇستتا خې xx بەش پارچە شەھۋانىي سۈرەت ئىشلەيدۇ. بۇ بەش پارچە سۈرەتنىڭ ھەممىسى ئوخشايتتى، پەقەت سۈرەتتىكى ئەرلەرنىڭ يۈزىلا باشقا - باشقا بەش كىشىنىڭ يۈزى ئىدى، بۇ خې xx نىڭ «نادىر ئەسىرى» ئىدى.

خې xx سۈرەت كىرىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ xx قاتارلىقلارمۇ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە جىددىي كىرىشىپ كېتىدۇ، ياڭ xx تازا باش قاتۇرۇپ، «ھەر بىر سۆزگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەپ»، قاتۇرۇپ تەھدىت خېتى تەييارلايدۇ. سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ، ياڭ xx كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان بەش پارچە تەھدىت خېتىنى ئاۋۋالقىدەكلا گې xx بىلەن جاۋ xx كە شىجياجۇاڭغا بېرىپ تېز يوللانما قىلىپ سېلىۋېتىشكە بېرىدۇ. شۇ يىلى دۆلەت بايرىمىدا شەندۇڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مەلۇم ناھىيەنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۈشتۈمتۇت بىر پارچە تېز يوللانما تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئېچىپ قارىسا، كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان بىر پارچە خەت بىلەن بىر پارچە شەھۋانىي سۈرەت ئىدى، سۈرەتتىكى ئەر ئېنىقلا ئۆزى ئىدى، ئايال بولسا ناتونۇش ئىدى. ئۇ خەتنى ئېچىپ كۆرىدۇ، مەجبۇرلاش تەلەپپۇزىدا يېزىلغان بۇ خەت ئۇنى ئىختىيارسىز شۈركەندۈرۈۋېتىدۇ. ئەزەلدىن ناشايان ئىشلارنى قىلمىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولغاچقا، ئۇ دەرھال تېلېفوننى ئېلىپ ساقچىغا دېلو مەلۇم قىلماقچى بولىدۇ، بىراق ئىككى نومۇرنى بېسىپلا توختاپ قالىدۇ. ئۇ ج خ ئورگىنى تەكشۈرۈپ قالسا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇ چاغدا قانداقلا قىلسا ئۆزىنى ئاقلاپ بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەنسىرەپ قالغانىدى. ئۇ: «ئىشقىلىپ ئۇلار تەلەپ قىلغان پۇلمۇ كۆپ ئەمەس، شۇنداق بولغاندىكىن يېپىق قازان يېپىق پېتى قالغىنى تۈزۈك ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ، خەتتە يېزىلغان بانكا كارتا نومۇرىغا 2000 يۈەننى سېلىۋېتىدۇ. چىڭداۋدىكى بىر ئىدارىنىڭ بىر باشقارما باشلىقىمۇ، يەنە مەلۇم بازارنىڭ باشلىقمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلاپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5000 يۈەندىن پۇل سېلىۋېتىدۇ. بەش پارچە خەت ئارقىلىق ئۈچ كىشى قارماققا ئىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ياڭ xx قاتارلىقلار بۇ يولدا «قەتئىي تەۋرەنمەي» ماڭماقچى بولۇشىدۇ.

كىرىشتۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ياڭ xx ئىككى كومپيۇتېر ۋە پرىنتېر سېتىۋالىدۇ. ۋاڭ xx يەنە:

— توردىكى ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلايلى، نۇرغۇن ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى تېلېۋىزوردا چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ رەھبەرلەرنىڭ ماتېرىياللىرى يۈزدە يۈز ئىشەنچلىك، — دەپ تەكلىپ بېرىدۇ.

ياڭ xx يەنە ئىككى تېلېكامېرا سېتىۋېلىپ، تېلېۋىزىيە كارتىسىنى كومپيۇتېرغا ئورنىتىپ، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كومپيۇتېرغا قايتا كۆچۈرۈپ ماتېرىيالغا ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈرەت كىرىشتۈرۈش قولايلىشىدۇ. ئۇلار 2004 - يىل سېنتەبىردىن نويابىرغىچە باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى ئەسەبىيلەرچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

تېز يوللانما ئەۋەتىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا پۇل تاپشۇرۇۋېلىۋەرگەندىن كېيىن، ياڭ xx: «جىنەننى تايانچ قىـ



لىپ، باشقا جايدىن تەھدىت خېتى ئەۋەتىش ئەڭ ياخشى
چارە ئىكەن» دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم باشقا ـ باشقا جايدىن
ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. 2004 ـ يىل ئۆكتەبىردە ياڭ
xx بىر كومپيۇتېر بىلەن بىر پرىنتېرنى شىجياجۇاڭغا
يۆتكەپ ئاپىرىدۇ ھەمدە شۇ يەردىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئې-
لىپ، گې xx بىلەن جاۋ xx نى شۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت
تۇرۇشقا، خې xx ئىنتېرنېتتا QQ ئارقىلىق ئەۋەتكەن تەھ-
دىت خېتى ئەۋەتىلىدىغان نىشاننىڭ ماتېرىيالى، سۈرىتى ۋە
تەھدىت خېتىنى ئۇ ئۇلارغا ئەۋەتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ
شىگتەي، خېگشۈي قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سېلىۋېتىشنى
بۇيرۇيدۇ. بىر ئايدىن كېيىن، ياڭ xx يەنە خې xx بىلەن
جاۋ xx نى جېگجۇغا بېرىپ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا
بۇيرۇيدۇ.

ياڭ xx قاتارلىقلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى ھەمى-
شە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. 2004 ـ يىل 6 ـ نويابىر
شەندۇڭدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ رەھبىرى ئالاھىدە
تېز يوللانمىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ساقچىغا
دېلو مەلۇم قىلىدۇ. تۆت كۈندىن كېيىن، خېبېي ساقچىلىرى
جىنەنگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، دېلونى تەكشۈرۈشكە ياردەم-
لىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 28 ـ نويابىر كەچتە جىنەن ساق-
چىلىرى ۋاڭگۇگجۇاڭ مەھەللىسىدە ياڭ xx، ۋاڭ xx ۋە خې
xx نى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرىدۇ. گې xx بىلەن جاۋ xx
جېگجۇدا ياڭ xx كە تېلېفون بېرىپ ئالالمىغاندىن كېيىن،
ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، تەھدىت خەتلىرىنى تاشلاپ،
پاتىپاراق بولۇشۇپ قاچىدۇ.

ساقچىلار ياڭ xx نىڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدىن 79
بانكا كارتىسى، يەتتە ساختا كىملىكنى قولغا چۈشۈرىدۇ.
ساقچىلار يەنە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ 2004 ـ
يىل سېنتەبىردىن نويابىرغىچە ئالاھىدە تېز يوللانما شەكلى-
دە 99 پارچە تەھدىت خېتى ئەۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچى-
دىكى 41 پارچە خەتنىڭ خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشەن ناھىيەلىك
ج خ ئىدارىسىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى، باشقا 59 پارچە
خەتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قولىغا تەگكەن-
لىكىنى، 17 كىشىنىڭ ئۇلار تەمىنلىگەن بانكا كارتىسىغا
جەمئىي 79 مىڭ يۈەن سېلىۋەتكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ يەنە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئالداپ 153 مىڭ يۈەننى
ئېلىۋالغانلىقىنى؛ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەملى-
كەتتىكى 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونغا



تارقالغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئور-
گانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دوختۇرخانا باشلىقى، ئۆي ـ مۈ-
لۈك شىركىتىنىڭ خوجايىنى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى؛
شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى بىر يەسلىنىڭ يەسلى باشقۇرۇش
تەجرىبىسى تېلېۋىزىيەدە كۆرسىتىلگەندە يەسلى باشلىقىنىڭ
ئۇلارنىڭ نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى؛ خېنەندىكى مەلۇم نا-
ھىيە بىر قېتىم چوڭ تىپتىكى پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، پائالىيەت
تېلېۋىزوردا قويۇلغاندا، ناھىيەنىڭ ئالتە رەھبىرىنىڭ ھەم-
مىسىنىڭلا ئۇلارنىڭ نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ
دەلىللەيدۇ.

2006 ـ يىل فېۋرالدا ياڭ xx، ۋاڭ xx لار ئايرىم
ھالدا قاقتى ـ سوقتى قىلىپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش ۋە
ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك 13 يىللىق، ئون
يىللىق قاماق جازاسىغا، خې xx قاقتى ـ سوقتى قىلىپ پۇل
ئۈندۈرۈۋېلىش جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك ئۈچ يېرىم يىل-
لىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بىراق ساقچىلارنىڭ
بېشىنى قاتۇرغىنى، گې xx بىلەن جاۋ xx تېخىچە تۇتۇلمى-
غانىدى. گې xx بىلەن جاۋ xx شۇ يىلى شەپىنى ئاڭلاپ
قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال يۈننەنگە بارىدۇ، ئارقى-
دىن ھەر قايسى جايلاردا ئىسىم ـ فامىلىسىنى يوشۇرۇپ،
مەدىكارچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتىدۇ، بىراق قاچقۇن-
لۇق ئۇلارنى نۇرغۇن جاپالارغا دۇچار قىلىدۇ، شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلار ئاخىرىدا ئۆزىنى مەلۇم قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ.
بىراق دېلو بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمايدۇ. ساقچىلار گې xx
بىلەن جاۋ xx نى تۇتۇشنى توختىتىپ قويمايدۇ. 2009 ـ
يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەرەپ ـ تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن
گې xx بىلەن جاۋ xx جىنەن شەھىرى ۋاڭگۇگجۇاڭ ساق-
چىخانىسىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

**ئېلى جامال** تەرجىمىسى



# ئايال سېستىرا دورا بىلەن ئاشنىسىنى ئۆلتۈردى

دىڭ بوچىن، زو شۆەن

*ياش ھەم چىرايلىق بىر سېستىرا قىز نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، خەتەرلىك يول تۇتۇپ، دورىنى ئوكۇل قىلىپ سېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى پەيدا قىلدى.*

**ئائىلە زوراۋانلىقىغا ئۇچراپ، نىكاھ بەربات بولدى**

خاۋ لىننا 1978 ـ يىلى جىنەن شەھرىدە بىر كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلدى، دادىسى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، قىزىنى ئىنتايىن قاتتىق باشقۇرۇپ تەربىيەلىگەنىدى.

2002 ـ يىل كۈزدە جىنەندىكى بىر دوختۇرخانىدا سېستىرالىق قىلىۋاتقان، 24 ياشقا كىرگەن خاۋ لىننا دادىسىنىڭ قول ئاستىدىكى جىن يەن ئىسىملىك كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى بىلەن توي قىلدى. خاۋ لىننانىڭ دادىسى جىن يەننى ئانچە ياقتۇرمايتتى، بىراق خاۋ لىننا دادىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، جاھىللىق بىلەن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، جىن يەن بىلەن توي قىلغانىدى.

تويدىن كېيىن ئۇلار جىن يەنگە تەقسىم قىلىنغان بىر يۈرۈش ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇردى. تىجارەتكە ماھىر جىن يەن ھەمىشە خوتۇنىغا مۇنداق دەيتتى: سېنىڭ داداڭ ئىدارىمىزنىڭ رەھبىرى، ئۇ ئاغزىنى مىدىرلىتىپلا قويسا، بىر چوڭ ئۆيدە ئولتۇرالايمىز. ئەگەر مەن ئۆسمىسەم، مائاشىمۇ ئۆسمەيدۇ، ھازىر ئەمەلدار بولغانلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ ئارقا تىرىكى يوق دەيسەن؟

ھەر قېتىم ئېرى مۇشۇنداق ۋايسىسا، خاۋ لىننا ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سېپەتتى. خوتۇنىنىڭ پوزىتسىيەسى جىن يەننىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلىشىشقا باشلىدى.

26 ياشلىق جىن يەن 1998 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، كان ئىشلىرى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ ئىدارە ئورگانغا بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ، كىشىلەرنى بايلىققا قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش خاھىشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، جىن يەن ئەسلىدە ياخشى تايانچقا ئېرىشتىم، دەرىجەم ئۆسۈپ، ئۆيگە ئىگە بولۇشۇمدا گەپ يوق دەپ، قېينئاتىسىنىڭ ئۆزىگە نەپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. بىرقانچە قېتىم جىن يەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن قېينئاتىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تازا ماختىغانىدى، خىزمەتداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

2003 ـ يىلى چاغاننىڭ ھارپىسىدا جىن يەن بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورنى بوش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قېينئاتىسىغا سوۋغا تەييارلىدى، چۈنكى قېينئاتىسى ئىدارىدە ئىككىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ ئەگەر ئازراقلا كۈچەپ قويسا، ئىشنىڭ يېرىمى پۈتكەن بولاتتى.

خاۋ لىننامۇ ئادەتتە ئېرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئانچە تىلىغا ئالمىسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ئۆسۈشىنى

ئارزۇ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كۆڭلىدە سوۋغات تەييارلىدى. كۇتۇلمىگەندە چاغىنىڭ ئىككىنچى كۈنى قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل بولۇشنى تاپىلاپ قويدى. لو شۇشىن كۈيئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى.

قېيىنئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، جىن يەننىڭ چىرايى ناھايىتى سەتلىشىپ كەتتى. ئۇ تاماق يېمەيلا چىقىپ كېتىپ، قېيىنئاتىسى، قېيىنئانىسىنى ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ئەر ـ خوتۇن قاتتىق ئۇرۇشتى. غەزىپى تاشقان جىن يەن قازان ـ قومۇچلارنى ئۆرۈپ چاقتى. يەردىكى ئەينەك پارچىلىرىغا قاراپ خاۋ لىننا سەل قورقتى ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون بېرىپ، قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. كىم بىلسۇن، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جىن يەننىڭ ئوغسى قايندى:

— تېلېفون بېرەمسەن، ئەمدى بەر! — دېدى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپ تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە تېلېفوننى يەرگە ئېتىپ سۇندۇردى.

شۇندىن كېيىن جىن يەن خىزمەتكە كۆڭلى تارتماي، دائىم ئاچچىقلاپلا يۈردى، ئالتە ئايدىن كېيىن، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بىر يىگىت بۆلۈم باشلىقى بولدى. شۇ كۈنى كەچتە جىن يەننىڭ ۋايساشلىرى زادى توختىمىدى.

— ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى مەن بىلەن ئوخشاش، خىزمەت تارىخى مېنىڭكىدىن قىسقا تۇرۇپ، نېمىسگە تاياندىكىنە، باشقىلار مېنىڭ ئارقا تېرىكىمنى لاتا غىلاپ ئادەم، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— قابىلىيىتى بارلار ئەلۋەتتە ئۆستۈرۈلىدۇ، سېنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتىڭ بار؟ سەن ئاتا ـ ئانامنى تىللاش، خوتۇنىڭنى ئۇرۇشتىن باشقا نېمىنى بىلىسەن؟ — دېدى خوتۇنى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزىپىدىن يېرىلغۇدەك بولغان جىن يەن خاۋ لىننانى قاتتىق ئۇرۇپ كەتكەچكە، خاۋ لىننا ھوجرىسىغا قېچىپ كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

— ئەمدى ماڭا گەپ ياندۇرىدىغان، مېنىڭ ئالدىمدا ئاتا ـ ئاناڭنى ئېغىزغا ئالىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرىسەن! — دېدى جىن يەن.

2004 ـ يىل ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى خاۋ لىننا ئېرىدىن قاتتىق تاياق يەپ، ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، 50 تال ئۇيقۇ دورىسىنى يەۋالدى. ئالاھازەل كېچە سائەت 12 لەردە جىن يەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە، ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنغاچقا، خاۋ لىننا ئامان قالدى.

خاۋ لىننانىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق غەزەپلەندى، قېيىنئاتىسى لو شۇشىن كۈيئوغلىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل يۈز ئۆرۈدى. كۈيئوغلى ناماقۇل بولغان بولسىمۇ، لو شۇشىن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن جىن يەن ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا داغ تەگكەنلىكىنى بىلىپ، گەپ ـ سۆزلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، قورساق كۆپىكى بارغانسېرى كۈچەيدى، لېكىن ئىش كۆرمىگەن خاۋ لىننا مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، ئاتا ـ ئانام ئورنۇمنى كۆتۈرۈپ قويدى، دەپ قاراپ، يەنە چوڭ گەپ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار بىر بالىلىق بولدى. ئائىلە ئىشلىرىمۇ كۆپەيدى. بىر كۈنى خاۋ لىننا كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەپ، ئۆيگە كەچ قايتتى، ئېرىنىڭ كىرىسلودا ئولتۇرۇپ تاتلىق ياڭيۇ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاماقمۇ ئەتمىدى.

— سەن بالدۇر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمىشقا تاماق ئەتكەچ تۇرمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ قاتتىق خاپا بولۇپ.

جىن يەن گەپمۇ قىلمىدى. خاۋ لىننانىڭ تېخىمۇ ئاچـ



چىقى كەلدى ـ دە، سومكىسىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۆزىنى خېلى بېسىۋالغان جىن يەنىنىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ گېلىنى سىقىپ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە قىستىدى.

— ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھوقۇقى، ئورنى بىلەن مېنى قورقۇتما، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بۇندىن كېيىن ئۇلار دېگەن ئۇلار، مەن دېگەن مەن، سەن يەنە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ئۈزمەيدىغان بولساڭ، سەن كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن، — دېدى ئۇ.

## كۆڭۈلدىكىدەك ئەرگە ئۇچراپ، مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق شارابىنى ئىچىش

2004 ـ يىل دېكابىردا خاۋ لىننا نوۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، بىر كېسەلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ جىدۇڭ ئىدى، ئۇ ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. خاۋ لىننا نېرۋا كېسەللىرى ئىچكى بۆلۈمىگە مەسئۇل ئىدى. ئۇ مومايىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆردى، خاۋ لىننا ئۇنى دەرھال ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇردى.

مومايغا غەمخورلۇق قىلغان بىر ئاي ئىچىدە خاۋ لىننا جاڭ جىدۇڭنىڭ ناھايىتى ۋاپادار يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدى. يىگىت ھەر كۈنى ۋېلسىپىت بىلەن يىراق يەردىكى ئۆيىگە بېرىپ تاماق ئېتىپ، ئاندىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلەتتى. بىر قانچە قېتىم قاتتىق سوغۇق بولدى، جاڭ جىدۇڭنىڭ قولى ئۇششۇپ قېلىپ، قوشۇقمۇ تۇتالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. خاۋ لىننا قول ئىسسىتقۇچنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا بەردى. يەنە كۆپ قېتىم جاڭ جىدۇڭ ھەقىقەتەن ئالدىراش بولۇپ ئانىسىغا قارىيالمىغاندا، خاۋ لىننا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە چىقىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەردى.

مومايىنىڭ كېسىلى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئادەتتىكى كېسەللەر ياتىقىغا يۆتكەپ چىقىلدى، ئۇ چاغدا نەچچە كۈن تەرەپ ـ پىشىپ ئىشلىگەن جاڭ جىدۇڭنىڭ مادارى قالمىدى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، بازارغا چىقىپ ئانىسىغا پوشكال سېتىۋالدى، خاۋ لىننا بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر مۇنچە ئەيىبلەپ:

— خەۋپتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان ئادەم ياغلىق نەرسىنى قانداقمۇ يېيەلىسۇن؟ سىزمۇ بەك بىپەرۋاكەنسىز، — دېدى ـ دە، شوۋىگۇرۇچ تەييارلاپ مومايغا بەردى. شۇ ئىشتىن كېيىن جاڭ جىدۇڭ خاۋ لىننادىن ناھايىتى تەسىرلەندى.

— سىز شۇنچە ئالدىراش ئىكەنسىز، ئايالىڭىز نېمىشقا دوختۇرخانىغا كەلمەيدۇ، دائىم ھەدىڭىزنىلا كۆرۈمەن، — دېدى كىچىكلىك ئىسمىنىدا ئىشلەۋاتقان خاۋ لىننا ئىختىيارسىز.

— مەن ئاجرىشىپ كەتكەن، — دېدى جاڭ جىدۇڭ.

شۇ كۈنى كەچتە مومايىنىڭ ئەھۋالى خېلى مۇقىملاشتى. كىچىكلىك ئىسمىنىدا ئىشلەپ زېرىككەن خاۋ لىننا ئانىسىغا ھەمراھ بولۇۋاتقان جاڭ جىدۇڭ بىلەن مۇڭداشتى. جاڭ جىدۇڭ خوتۇنىنىڭ بىشەم، ۋات ـ ۋات ئىكەنلىكىنى، ھەمىشە ئۇنىڭدىن سەۋەبسىز گۇمانلىنىپلا يۈرىدىغانلىقى، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر ئۇ سىزنىڭ يېرىمىڭىزچىلىك دەردىمگە يەتكەن بولسا، مەن ئاجراشمايتتىم، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

جاڭ جىدۇڭنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلىقى خاۋ لىننانىڭمۇ ئاغزىنى ئاچۇرۇۋەتتى:

— مەن ئېرىم بىلەن ئاجراشمىغان بولسامۇ، ئۇ نامىدا بار، ئەمەلدە يوق، — دېدى خاۋ لىننا.

— ھەي، ئۇ ئەر سىزنى ئاززاقمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدىكەن، — دېدى جاڭ جىدۇڭ.

2005 ـ يىل يېڭى يىلدىن كېيىن جاڭ جىدۇڭنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدىن چىقتى. ماڭىدىغان چاغدا خاۋ لىننا نۇرغۇن دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى تاپىلىدى. شۇ كۈنى كەچتە جاڭ جىدۇڭ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغاندىن كېيىن، خاۋ لىننانى بىر ۋاخ تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— سىزدىن يوشۇرمايمەن. مېنىڭ ئىشلىگۈم يوق، ئىستېپىا بېرىپ سىرتلارنى كەزسەم دەيمەن، ئاشۇ ئائىلىدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق، — دېدى خاۋ لىننا.

— نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتمەيسىز؟ بۇنداق كەيىنگە سۆرىسىڭىز تېخىمۇ ئازاب ئەمەسمۇ؟ — دېدى جاڭ جىدۇڭ.

— ئۇ مېنى قىيناۋاتىدۇ، مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بىلەن ئاجرىششقىمۇ ئۇنىمايدۇ، — خاۋ لىننانىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

جاڭ جىدۇڭ ئۇنى باغرىغا باستى. جاڭ جىدۇڭ خاۋ لىنناغا ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خاۋ لىننانىڭ قەلبى چەكسىز ئىللىقلىققا چۆمدى. ئۇ بۇ ئەرنىڭ ئۆزىدىن 16 ياش چوڭلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسمىي خىزمىتى يوقلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى.



2006 - يىل چاغاندا خاۋ لىننا ئائىلىدىكى ئۇششاق ئىشلار تۈپەيلىدىن ئېرى بىلەن يەنە بىر قېتىم سوقۇشۇپ، ئاچچىقىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ جاك جەدۇكنىڭ ئۆيىگە كەلدى، بىراق ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. شۇ كۈنى كەچتە جىن يەن ئالەمنى مالەم قىلدى، ئۇ خاۋ لىننانى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

— مېنىڭ ھازىر بارىدىغان يېرىم يوق، — دېدى خاۋ لىننا جاك جەدۇكنىڭ قۇچىقىدا يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇ يەر سىزنىڭ ئۆيىڭىز، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىڭ، — دېدى جاك جەدۇك.

2007 - يىل ئاپرېلدا خاۋ لىننانى بېيجىڭدىكى بىر يېقىن دوستى بېيجىڭدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. مائاشى ياخشى بولغاچقا، خاۋ لىننا ئۇ يەرگە بېرىشقا تەييارلاندى، ماڭىدىغان چاغدا جاك جەدۇك ئانىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭمۇ بېيجىڭغا بېرىپ ئۇنى تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خاۋ لىننا كەسپتە ياخشى بولغانلىقتىن، بېيجىڭغا كېلىپ، چاۋياڭ رايونىدىكى مەلۇم مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ سەھىيە پونكىتىدا سېسترالىق قىلدى. ئۇ خاڭخۇ كوۋرۇكنىڭ يېنىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى.

ئىيۇلدا جاك جەدۇك ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، بېيجىڭغا كېلىپ خاۋ لىننانى تاپتى. جاك جەدۇك بىر سودا سارىيىدىن ئامانلىقنى قوغداش خىزمىتىنى تاپتى، ئىككىيلەن رەسمىي بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى، لېكىن بېيجىڭدىكى يۇقىرى ئىستېمال، قىممەت ئۆيلەر جاك جەدۇكنى ھالسىرىتىپ قويدى.

— بىز ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى، بىزدەك ئادەملەر بۇ يەردە مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيمىز! — دېدى ئۇ.

— مېنىڭچە، بۇ يەر بەك ياخشى ئىكەن، چوڭ شەھەردە ھەممە نەرسە بار، كەتمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىز كېتىڭ! — دېدى توساتتىن خاۋ لىننا.

— ئۇنداقتا، بىز قاچان توي قىلىمىز؟ — دېدى جاك جەدۇك.

— سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ ئاجراشقىلى زادىلا ئۇنىمايدۇ. مېنىڭمۇ بۇنىڭغا ئامالىم يوق، — دېدى خاۋ لىننا.

شۇنىڭدىن كېيىن جاك جەدۇك ھاراققا بېرىلىپ كەتتى، دائىم ئۆيگە مەست كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقىمۇ ئاياغلاشتى. دەسلەپتە ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم كۆرۈنگەن جاك جەدۇك ئۇنى ئۇرىدىغان بولۇۋالدى، جاك جەدۇك خاۋ لىننانىڭ ئاشنا تېپىۋالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈردى.

2007 - يىل ئۆكتەبىردە خاۋ لىننانىڭ ئېرى ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى، بىراق بۇ خەۋەرنى خاۋ لىننا جاك جەدۇكقا ئېيتمىدى. جاك جەدۇك ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇقتى.

— نېمىشقا ماڭا ۋاقتىدا ئېيتمىدىڭ، باشقىلارغا كۆزۈڭ چۈشۈپ، مېنى تېپىۋەتمەكچىمۇ؟ ئاكاڭ قارىغاي سېنى دەپ ياشانغان ئانىسىنى تاشلىۋەتكەن تۇرسا، سەن ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟ — دېدى جاك جەدۇك خاۋ لىننانى قاتتىق دۇمبالاپ.

2008 - يىل ئاپرېلدا خاۋ لىننانىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىدىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنى يوقلاپ كەلدى. خاۋ لىننا شۇ باھانە بىلەن جاك جەدۇكنىڭ قېشىدىن كۆچۈپ چىقتى. سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى جاك جەدۇك خاۋ لىننا ئىشتىن چۈشكەندە يولدا ئالدىنى توسۇپ:

— نېمىشقا ئاتا - ئاناڭنى كەتكۈزۈۋەتمەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىشكە قانداق ۋىجدانىم چىدايدۇ؟ — دېدى خاۋ لىننا ئاچچىقلاپ.

— ئۇنداقتا، مېنى كەتكۈزۈۋېتىشكە ۋىجدانىڭ چىدايدىكەنده، — دېدى جاڭ جىدۇڭ، — ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئاتا ـ ئاناڭغا ئوچۇق ئېيت، بولمىسا ئەتە كۆچۈپ كېلىپ سەن بىلەن بىللە تۇرىمەن.

ئۇلار كوچىدىلا قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇرۇشتى. خاۋ لىننا جاڭ جىدۇڭنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى تونۇپ يەتتى. خاۋ لىننا ئاتا ـ ئانىسىنى بېيجىڭدا داۋاملىق تۇرغۇزدى. شۇندىن كېيىن جاڭ جىدۇڭمۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خاۋ لىننا بىلەن يارىشىپ، ئۇنىڭغا سوۋغا ئېلىپ بەردى، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، بىراق خاۋ لىننا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك قىزغىن بولمىدى، يەنىلا ئايرىلىپ كېتىش پىكرىدە چىڭ تۇردى.

جاڭ جىدۇڭ خاۋ لىننانىڭ بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ قالدى. ئۇ ئەر ئۇنىڭدىن ياش، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيىنىشلىرى ئېسىل ئىدى.

— سىلەرنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭلار بار؟ سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ — جاڭ جىدۇڭ يەن بىر قېتىم خاۋلىننانىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ غەۋغا چىقاردى، بۇ قېتىم خاۋ لىننا قاتتىق غەزەپلەندى.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، قانداق؟ — دېدى ئۇ، — مەن ساڭا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەي، ئۇنىڭ ئىسمى دۇ ۋەنچۈن، ساڭا قارىغاندا باي، مېھرىبان، بىلىملىك، مېنى نېمە قىلالايتتىڭ؟

قاتتىق غەزەپلەنگەن جاڭ جىدۇڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك خاۋ لىننانىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ جېدەل چىقىرىپ، خاۋلىننانى ئارامىدا قويمىدى.

2009 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن خاۋ لىننا بىلەن دۇ ۋەنچۈن بىر ئاشخانىدىن ئەمدى چىقىشىغا، خاۋ لىننا ئۆزلىرىگە ئەگىشىۋالغان جاڭ جىدۇڭنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باھانە تېپىپ، دۇ ۋەنچۈندىن ئايرىلدى. خاۋ لىننانىڭ ھەرىكىتىدىن جاڭ جىدۇڭ ئۇنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلدى ـ دە، كەچتە يەنە غەۋغا كۆتۈردى. شۇ ئاخشىمى توساتتىن خاۋ لىننانىڭ كاللىسىدا جاڭ جىدۇڭنى كۆزدىن يوقىتىش خىيالى پەيدا بولدى. خاۋ لىننا ئۆپكە كېسىلىنى داۋالايدىغان بىر خىل دورا ماتېرىيالىنى ئوكۇل قىلىپ سالسا، يۈرەكنىڭ سوقۇشى توختاپ، جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

2009 ـ يىل 23 ـ ئىيۇن چۈشتە خاۋ لىننا دادىسىنى كۆمۈر كانىدا خىزمەت قىلغانىدا قېپقالغان ئۆپكە كېسىلى ئۈچۈن جىددىي دورا بېرىشكە دەۋەت قىلىپ، رېتسېپ كەستۈرگۈزۈۋالدى، ئاندىن دوختۇرخانىدىن ئۈچ تال 20 مىللىلىتىرلىق ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ۋە ئوكۇل يىڭنىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جاڭ جىدۇڭغا تېلېفون بېرىپ:

— ھازىر بېيجىڭدا A تىپلىق زۇكام تارقالدى، بىزنىڭ بۇ يەرگە بىر تۇركۇم ۋاكسىنا كەلدى. مەن ئۇنى ساڭا ئۇرۇپ قوياي، — دېدى.

جاڭ جىدۇڭ ئويلانمايلا ماقۇل بولدى. ئۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مۇز ئاخىر ئېرىدى، دەپ ئويلىدى. 26 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن، خاۋ لىننا جاڭ جىدۇڭنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار بىر دەم سۆيۈشتى. ئاندىن خاۋ لىننا ئوكۇلنى تەييارلىغاچ، ئۇنىڭغا تاتلىق گەپلەرنى قىلدى، بىراق تۇنجى ئوكۇل سېلىنىپ بولغان چاغدا، جاڭ جىدۇڭ نەپەس ئالالماي قالدى، ئۇ جان تالاشماقتا ئىدى. خاۋ لىننا دەرھال يەنە بىر ئوكۇلنى ئۇردى، ئوكۇل تۈگىگەندىن كېيىن، جاڭ جىدۇڭنىڭ يۈزى كۆكىرىپ كەتتى، خاۋ لىننا سوغۇققانلىق بىلەن يىڭنىنى تارتىۋالدى ھەم يىڭنە نەيچىسى قاتارلىق دېلو سادىر قىلىش سايمانلىرىنى ۋە جاڭ جىدۇڭنىڭ يانفونى قاتارلىق نەرسىلىرىنى بىر سۇلياۋ خالتىغا سالدى، يەنە ئۆيىدىن ئوغلىنىڭ سۈرىتى ھەمدە جاڭ جىدۇڭ بىلەن چۈشكەن سۈرەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

چاۋياڭ رايونلۇق ج خ ئىدارىسى ئامما پاش قىلغان دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاۋ لىننانى تېزلا ئىزدەپ تاپتى. ساقچىلار ئۇ خىزمەت قىلغان دوختۇرخانىدىن ئۇنى تاپقاندا خىزمەتداشلىرى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خاۋ لىننا ئېغىر بېسىق، ياۋاش ئايال ئىدى، بىراق خىزمەتداشلىرى ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇنداق بىر ئادەم سوراقخانىدا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇققان بولدى. ئۇ دېلو بېجىرگۈچىگە مۇنداق دېدى: ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسانكەن، مەن يەتتە ـ سەككىز يۈەن خەجلەپلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم، مەن ئازراقمۇ پۇشايمان قىلمايمەن.

خاۋ لىننا باشتىن كەچۈرگەن ئىككى خىل مۇھەببەتنىڭ ھەممىسىدە خورلۇققا ئۇچرىدى، لېكىن چەكتىن ئاشقان ۋاستە بىلەن بۇ مۇھەببەت كىرىزىسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن، خورلانغۇچى زوراۋانغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇنى قانۇننىڭ ئېغىر جازاسى كۈتمەكتە.

**مۆمىن روزى** تەرجىمىسى

# 16 يىل قېچىپ يۈرگەن قاتىلنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشى



جۇ چۈنشيەن، ۋۇ لىنفاڭ

قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، 16 يىل قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا ئۇ ياخشى ئادەمگە ئايلاندى. ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە مىننەتسىز ياردەم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە پسىخولوگىيە دەرسىنى ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالدى. پسىخىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مەركىزى قۇرۇپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پسىخىك مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەردى. ۋېنچۇەندە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندە ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاپەت رايونىغا بېرىپ، پىدائىي بولۇپ، ئاپەت رايونىدىكى كىشىلەرنى پسىخىكا جەھەتتە يېتەكلىدى. لياڭ شياڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

## قانلىق دېلو سادىر قىلىش

1990 - يىللىرىنىڭ بېشىدا خەينەنگە مەبلەغ سېلىش نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ۋە ئىشلەمچىلەرنى جەلپ قىلغانىدى. شۇ يىللاردا 20 نەچچە ياشلىق لياڭ شياڭ بىر توپ يۇرتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە كەلدى. خەينەننىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، قىزغىن مەبلەغ سېلىش قايىنمى ئۇنىڭدا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، لياڭ شياڭ يۇرتداشلىرى بىلەن ئۈچ تەرىپى سۇ بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغان خەيدىيەن ئارىلىدىكى ۋۇمياۋ دېگەن يەرگە كېلىپ تىجارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە لياڭ شياڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭدې شەھرىدىن كەلگەن يۇرتدىشى نىڭ ئەيگو (ياسالما ئىسىم) بىلەن كۆپرەك سودا مۇناسىۋەتتە بولدى.

ساقچىلار تەمىنلىگەن ماتېرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1993 - يىل ئىيۇننىڭ باشلىرىدا جىنايەت گۇماندارى دەپ قارالغان لياڭ شياڭ بىلەن نىڭ ئەيگو تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن. رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، بىر ئاينىڭ ئالدىدا تىجارەت جەريانىدىكى زىددىيەت سەۋەبىدىن لياڭ شياڭ بىلەن ئۇنىڭ لايىقى تاڭ خۇگۇيۈننىڭ نىڭ ئەيگونى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، جەسەتنى پارچىلاپ دالىغا تاشلىۋەتكەنلىكى ئېنىقلانغان.

خەينەن ساقچىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 1993 - يىل 3 - ئىيۇن شۇ جايدىكى يەرلىك ئاھالىلەر خەيكۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلىپ، خەيكۇ شەھىرى خەيدىيەن ئارىلىنىڭ ۋۇمياۋ دېگەن يېرىدىكى ئىجارە بېرىلگەن ئۆيدە قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. مۇشۇ ئۆينى ئىزچىل ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان لياڭ شياڭ بىلەن تاڭ خۇگۇيۈن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن. دېلو مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ساقچىلار دەرھال ئىجارە بېرىلگەن ئۆيگە بارغان ۋە نەق مەيدانىغا قاراپ چۈچۈپ كەتكەن.

ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، تام، كارىۋات ياپقۇچ، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسىدە قان ئىزى بار ئىدى. بىراق، نەق مەيداندا ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى يوق تۇراتتى. ساقچىلار بۇنىڭدىن قاتىلنىڭ جەسەتنى پارچىلاپ، باشقا جايغا يۆتكىۋەتكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلدى ھەم نەق مەيداندىكى قاننى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ۋۇمياۋدا تىجارەت قىلىدىغان نىڭ ئەيگو شۇ يىلى 30 ياشتا بولۇپ، يوقاپ كەتكىلى بىرەر ئاي بولغانىدى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بۇ قاتىللىق دېلوسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ ساقچىلارنىڭ قان ئىزىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئىجارە بېرىلگەن ئۆيدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دەل نىڭ ئەيگو ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى.

## 16 يىلدىن كېيىن تورغا چۈشۈش

قاتىللىق دېلوسىنى سادىر قىلغۇچى جىنايەت گۇماندارلىرى لياڭ شياڭ بىلەن تاڭ خۇگيۇننى تۇتۇش خىزمىتى باشلاندى. خەيدىيەن ئارىلى خەيكۇ شەھىرىگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن قورشالغان، پەقەت بىر كۆۋرۈكلا خەيكۇ شەھىرى بىلەن تۇتىشاتتى. ئارالدا تاغ ۋە ئورمانلىق كۆپ بولغاچقا، ساقچىلار جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئىزدەش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئەمما، ئىلگىرىلەش ئاستا بولدى.

يېقىندا بىز خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى نىڭ ئەيگونىڭ ئىنىسىنىڭ نەق مەيدانى كۆرگەنلىكىنى، ئېچىنىشلىق نەق مەيدانىڭ ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانلىقىنى بىلدۇق.

— چاڭدېغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نىڭ ئەيگو روھىي كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، — دېدى ئەھۋالدىن خەۋەردار بىرەيلەن.

بۇ ئىش نىڭ ئەيگونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۆپ قېتىم ئىككى ئۆلكىنىڭ ساقچى دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، جىنايەتچىلەرنى تېزلىكتە قولغا چۈشۈرۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.

## باشقىلارغا ياردەم قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش

لياڭ شياڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بىز سولاقخانىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتۇق. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، نىڭ ئەيگونىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى 16 يىل ھەسرەتتە قويغان، خۇنەن ـ خەينەن ئىككى ئۆلكىنىڭ ج خ تارماقلىرى 16 يىل ئىزدەپ ئاخىر قولغا ئالغان جىنايەت گۇماندارى لياڭ شياڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ياخشى ئادەم بولۇپ گۇناھىنى يۇيۇش يولىنى تاللىغانىدى.

ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ خەينەن ئۆلكىسىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شاڭخەي، شىزاڭ، گۇاڭجۇ، سىچۇەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاخىرىدا سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان. قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا ئۇ بارغانلا يېرىدىكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىش شىركىتىدە مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ خېلى پۇل تاپقان ۋە گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققان كىشىلەرگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغان. ئۇ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 2003 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پسىخولوگىيە كەسپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، لياڭ شياڭ دەرھال ئەمەلىي ئىشقا كىرىشىپ، چېڭدۇ شەھىرىدە پسىخىك مەسلىھەت بېرىش ۋە داۋالاش مەركىزى قۇرغان. 2008 ـ يىل 12 ـ ماي ۋېنچۈەندە كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ بىر ئايدىن كېيىن، لياڭ شياڭ پىدائىي بولۇپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن دۇ جياڭيەن، ميەنجۇ، گۇاڭيۈەن، پېڭجۇ، شىفاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرغان.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، لياڭ شياڭ جىنايىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى بىلگەچكە، توختىماستىن باشقىلارغا ياردەم قىلغان، شۇندىلا ئۆزىگە بىر ئاز تەسەللىي تاپقاندەك ھېس قىلغان. جىنايەت سادىر قىلغاندا 20 نەچچە ياشلىق لياڭ شياڭ 16 يىلدىن كېيىن خېلى پىشقان ئادەمگە ئايلانغانىدى. بىز ئۇنىڭدىن دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن يۇرتى چاڭدېغا بېرىپ باققان ـ باقمىغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا:

— يۇرتۇمغا قايتىپ باقمىدىم، ئۆي ـ ئوچاقلىقمۇ بولمىدىم. مەن ئۆز جىنايىتىمنىڭ باشقىلارغا تەسىر قىلىشىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ.

بىز ئۇنىڭدىن ئۆز جىنايىتى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى سورىدۇق.

— مەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئادەم چوقۇم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىشى، كەڭ قورساق ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇشى كېرەك. ئەپسۇس، مەن ياش ۋاقتىمدا بۇلارنى ھېس قىلماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ.

لياڭ شياڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

ھازىر خەينەن ساقچى دائىرىلىرى لياڭ شياڭنى خەيكۇغا قايتۇرۇپ كەلدى. سوراق قىلىش ۋە سوت خىزمىتىمۇ باشلاندى. دېلودىكى يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى تاڭ خۇگيۇن تېخىچە قېچىپ يۈرمەكتە. ساقچىلار بۇ جىنايەت گۇماندارىنى ئىزدەش ۋە قولغا ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

**نىجات ئابلىمىت** تەرجىمىسى

# بولتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئون چوڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش دېلوسى



ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ۋە ج خ نازارىتى تۆرلۈك قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلغانلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 9 ـ ماي بولتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئون چوڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش دېلوسىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىدى.

2009 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش، ج خ، شەھەر قۇرۇلۇشى تارماقلىرى بىرلىكتە قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىشقا كۈچلۈك زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇنسىز كىرا قىلغان 1562 ئاپتوموبىلنى ئېنىقلاپ، 109 ئاپتوموبىلنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، تىرانسپورت بازىرىنىڭ تەرتىپى ۋە ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

**1. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرباغ يولۇچى توشۇش بېكىتىدىكى تاكسىلارنىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش دېلوسى**

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرباغ يولۇچى توشۇش بېكىتى ئەتراپىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئۈرۈمچىدىن قارامايغا قانۇنسىز يولۇچى توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاكسىلار ۋە خېرىدار تارتىدىغان شايكىلار كۆپىيىپ، نۇرباغ يولۇچى توشۇش بازىرىنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىرانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتى ج خ ئورگانلىرى ۋە يولۇچى توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، نۇرباغ يولۇچى توشۇش بېكىتى ئەتراپىدىكى قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىدىغان تاكسىلارنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇنسىز تىجارەت قىلغان 56 تاكسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، نۇرباغ يولۇچى توشۇش بېكىتى ئەتراپىدىكى يولۇچى توشۇش تەرتىپىنى ياخشىلىدى.

**2. شىخەنزە شەھىرىدىكى چېڭ xx نىڭ قانۇنسىز كىرا قىلىش دېلوسى**

شىخەنزە شەھىرىدىكى چېڭ xx ئىلگىرى قانۇنلۇق تاكسى شوپۇرى ئىدى. 2008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاكسىچىلىقتىن ۋاز كېچىپ، قانۇنسىز كىرا تارتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. شىخەنزە شەھىرىدىكى قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىشقا بىرلىشىپ زەربە بېرىش گۇرۇپپىسى 2009 ـ يىل 23 ـ نويابىر باشقىلار بەرگەن پاش قىلىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ، شىخەنزە شەھىرى مال بازىرىدىن چېڭ xx نى قانۇنسىز كىرا قىلىۋاتقان نەق مەيداندا قولغا چۈشۈردى. شىخەنزە يولۇچى توشۇش بېكىتى قاتناش باشقۇرۇش باشقارمىسى «شەھەردىكى تاكسىلارنى باشقۇرۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە چېڭ xx كە 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

**3. ئۈرۈمچىدىكى ما xx نىڭ ئاپتوموبىل ھەيدەپ تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلىنى سوقۇۋېتىش دېلوسى**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك قانۇنسىز ترانسپورت تىجارىتىگە زەربە بېرىش بىرلەشمە گۇرۇپپىسىدىكىلەر 2009 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر «بەخت» مەھەللىسىدە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، ئۈچ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ بىر قارا رەڭلىك پىكاپقا چىققانلىقىنى بايقاپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ «داۋان» شىمالىي يولىغا كېلىپ بۇ پىكاپنى توسۇۋالدى. يولۇچىلارنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق، بۇ پىكاپ ئىگىسىنىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. ما xx تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ پىكاپنى ھەيدەپ قېچىپ، تەكشۈرگۈچىلەر ئولتۇرغان پىكاپنى سوقۇۋەتكەندىن كېيىن، ج خ ساقچىلىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى. ج خ ئورگىنى ما xx نىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش قىلمىشىغا ئون كۈن مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش جازاسى بەردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يولۇچى ترانسپورتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى ما xx نىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىق قىلمىشىغا جەرىمانە قويدى.

**4. بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى جياۋ xx نىڭ ئۇزۇن يوللۇق يولۇچى ترانسپورتى بىلەن قانۇنسىز شۇغۇللىنىش دېلوسى**

بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى جياۋ xx ئۆز ئالدىغا پىكاپ سېتىۋېلىپ، ئۇزاق مەزگىل قانۇنسىز ئۇزۇن يوللۇق يولۇچى ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە باشقىلارنى قانۇنسىز تىجارەت قىلىشقا قۇترىتىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. 2009 ـ يىلى 20 ـ ماي بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك ترانسپورتنى باشقۇرۇش پونكىتى مەلۇم يول ئېغىزىدا تەكشۈرۈۋاتقاندا، جياۋ xx ۋە پىكاپتىكى ئۈچ يولۇچىدىن تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش ئارقىلىق، جياۋ xx نىڭ تەستىقلاتماي تۇرۇپ يولۇچى ترانسپورتى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق پاكىتىنى دەلىللىدى.

قاتناش ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول ترانسپورتى نىزامى» غا ئاساسەن، جياۋ xx كە 50 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

**5. ئا xx نىڭ ئۈرۈمچىدە قانۇنسىز يولۇچى توشۇپ، جازالاشقا قايىل بولماي، ئىسپات ئاڭلاشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسى**

بۇلتۇر 8 ـ يانۋار قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىۋاتقان ئا xx تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار 2 ـ فېۋرال ئا xx كە 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ھەمدە ئۇنىڭغا «مەمۇرىي جازا ئۇقتۇرۇشنامىسى» نى يەتكۈزدى. ئا xx بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئىسپات ئاڭلاشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ دېلو قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئا xx نىڭ قانۇنسىز تىجارەت قىلىش پاكىتى ئېنىق، دەلىل ـ ئىسپات يېتەرلىك، جازالاشقا تېگىشلىك دەپ قارالدى ھەمدە ئا xx كە جازالاش قارارى يەتكۈزۈلدى. دەۋالاشقۇچى ئۇزاق مەزگىل جازالاش قارارىنى ئىجرا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئا xx نىڭ پىكاپى تۇتۇپ قېلىندى.

**6. كورلىدىكى شىن xx نىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش دېلوسى**

2009 ـ يىلى 12 ـ ماي بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىپ لوپنۇرغا كېتىۋاتقان شىن xx نى قولغا چۈشۈردى، لېكىن شىن xx ئۆزىنى بايىنغولىن «خەنخەي» ساياھەت كوپېراتىپى بىلەن پىكاپنى ھۆددىگە ئېلىش كېلىشىمى ئىمزالىغان، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشقا تەۋە دەپ تۇرۇۋالدى. مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئەترەپلىق تەكشۈردى. ئەسلىدە شىن xx نىڭ ئاپتوموبىلى رەسمىيەتلىرى تولۇق كىرا ئاپتوموبىلى بولۇپ، «خەنخەي» ساياھەت كوپېراتىپى دائىم ئۇنىڭ ئاپ-



توموبىلنى ئىجارە ئالىدىكەن، لېكىن ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان قانۇنسىز يولۇچى توشۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئاخىرىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول ترانسپورتى نىزامى» غا ئاساسەن شىن xx كە 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىلدى.

**7. قاناس مەنزىرە رايونىدىكى ۋۇ xx نىڭ ھەربىي نومۇر تاختىسىنى ئېسىپ قانۇنسىز يولۇچى توشۇش دېلوسى**

2009 ـ يىل 20 ـ ئىيۇن قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ ساياھەتچىلىك ئەۋج ئالغان مەزگىلىدە، ئالتاي ۋىلايەتلىك ترانسپورتنى باشقۇرۇش باش پونكىتى بېيتۈن تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خادىملار جيا دېگيۇ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا تەكشۈرۈۋاتقاندا، نومۇر تاختىسى توسۇۋېتىلگەن «بۇيۇك» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى بايقىدى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى ۋۇ xx ئۆزىنى مەلۇم قىسىمدىن، مېھمانلارنى كۈتۈۋالغىلى كەلگەن، دېدى ھەم بىر ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان نومۇر تاختىسىنى كۆرسەتتى، ئەمما ئاپتوموبىلدىكىلەر سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىكەنلىكىنى، ۋۇ xx نىڭ ئاپتوموبىلنى ئىجارىگە ئېلىپ قاناسقا ساياھەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ۋاقىتتا ۋۇ xx بۇ قىسىمنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى كۈتۈۋېلىش، مەسىلە چىقسا ترانسپورتنى باشقۇرۇش پونكىتى ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ داۋراڭ سالدى. پاكىت ئالدىدا ۋۇ xx قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

**8. ماناس ناھىيەسى لوتۇيى بازىرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى بازىرىنى رەتكە سېلىش دېلوسى**

2009 ـ يىلى قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ماناس ناھىيەسى ترانسپورتنى باشقۇرۇش پونكىتى لوتۇيى بازىرىدا قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىدىغان تاكسىلارنى تەرتىپكە سالدى.

**9. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يولۇچى توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىكىلەر پىچاق كۆتۈرۈپ قارشى چىققۇچىنى بويسۇندۇردى**

2009 ـ يىل 21 ـ ئاپرېل ئۈرۈمچى شەھەرلىك يولۇچى توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىدىكىلەر ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا بىر ئايال شوپۇرنىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئايال شوپۇر تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىشقا ماسلاشماي، تەكشۈرگۈچىلەرنى ھاقارەتلىدى. تەكشۈرگۈچىلەر قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلغان ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالغاندا، ئايال شوپۇر تۇيۇقسىز ئاپتوموبىلدىن 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تىغلىق ئەسۋابنى چىقىرىپ:

— كىم ئاپتوموبىلىمنى تۇتۇپ قالىدىكەن، شۇنىڭغا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — دەپ تەھدىت سالدى.

تەكشۈرگۈچىلەر ئۈرۈمچى ۋوگزالى ساقچىخانىسىغا دېلو مەلۇم قىلدى. ساقچىلار كەلگەندە، ئايال شوپۇرنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ:

— ئەگەر ماڭا يېقىنلاشساڭلار، پىچاقنى قورسىقىمغا تىقىپ ئۆلۈۋالىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى.

ۋەقەنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، شەھەرلىك يولۇچى توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى رەھبەرلىرىمۇ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، ئايال شوپۇرغا نەسىھەت قىلدى.

**10. جىڭ ناھىيەسىدىكى م xx نىڭ قانۇنسىز ترانسپورت تىجارىتىنى تەكشۈرۈشكە قارشى چىقىپ قېچىپ كېتىش دېلوسى**

2009 ـ يىل 4 ـ ئاپرېل جىڭ ناھىيەلىك تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتى ئامىمنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن، قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلىۋاتقان بىر ئاق رەڭلىك پىكاپنى قولغا چۈشۈردى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، شوپۇر تەكشۈرۈش خادىمىنى يىقىتىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار دەرھال جىڭ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا يولىدا يوشۇرۇپ قويغان ماشىنىنى بايقىدى. يولۇچىلار تەمىنلىگەن ئىسپات ئالدىدا م xx ئۆزىنىڭ قانۇنسىز كىراكەشلىك قىلغانلىقىنى ھەم تەكشۈرۈشتىن قاچقانلىقىنى ئىقرار قىلدى. جىڭ تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتى م xx كە 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. م xx تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ تەربىيە بېرىشى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى تونۇدى. م xx نىڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، جىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ترانسپورت باش پونكىتىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق م xx كە قويۇلغان جەرىمانىنى 10 مىڭ يۈەنگە چۈشۈردى.

**ئەسقەر مۇختەر** تەرجىمىسى

# قەشقەردىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن جازانخورلار ئائىلىسى



ئابدۇۋېلى ئابلىمىت

2008 ـ يىل 1 ـ يانۋار غالىپنىڭ ئايالى رەشىدە ئېرىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپلا دەرھال تاكسى توسۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ چىنىباغ مەھەللىسىدىكى ئادەم يوق بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، تاكسىدىن چۈشتى ـ دە، بايا ئۆزىگە تېلېفون بەرگۈچىنىڭ نومۇرىغا ياندۇرۇپ تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېڭىدىن سېلىنىپ پۈتمەي تۇرۇپ تاشلاپ قويۇلغان ئۆيدىن ئېرىنى تاپتى.

ئىشىكى يوق ئۆيدە ناتونۇش ئۈچ ئەر غالىپنى ئارىغا ئېلىپ ئۆرە تۇراتتى، رەشىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىسىنىڭ قولىدىكى تۆمۈر كالتەكنى كۆرۈپ قورقۇپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. غالىپنىڭ قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان بولۇپ، جاۋغايلىرىدىن ئېقىۋاتقان قان ئۇنىڭ ئايالى كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تازا دۇمبالانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ـــ سەن گۈي مېنىڭ 50 مىڭ يۈەن پۇلۇمنى بەرمەي قېچىپ كەتمەكچىمىدىڭ، مانا ئايالىڭمۇ كەلدى، گەپ قىلە، ـــ دېدى بىرەيلەن غالىپنىڭ بۇرنىغا ئامبۇرنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتمەيلا ھېلىقى تاشلىۋېتىلگەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپتوموبىلنىڭ ئىتتىك تورمۇز قىلغاندىكى ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قاسىم قولى بىلەن غالىپنىڭ مۇرىسىگە «پاق» قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ ئىتتىرىپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ:

ـــ ماڭىسلا خېنىم، ـــ دەپ رەشىدەنى تەنە ئارىلاش چىرايلىق ئاتاپ، ئىشىك ئالدىدىكى قاسىمنىڭ قارا رەڭلىك پىكاپىغا چىقاردى، غالىپنى ئىككى ئادەم قاماللاپ ئولتۇردى.

ـــ مەن قاسىمجاندىن ئالغان پۇلنىڭ ئورنى بار، سەندە پۇل بولسا بۇلارغا بەر، ـــ دېدى غالىپ رەشىدەگە.

ـــ مېنىڭ مۇئاش كارتامدا 2000 يۈەن بار، ـــ دېدى رەشىدە سومكىسىنى كۆرسىتىپ.

ـــ بۇ پۇل نېمەڭگە يېتىدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىكى پۇلۇم 50 مىڭ يۈەن جۇما، ـــ دېدى قاسىم ھۆرپىيىپ، ـــ بوپتۇ، قەرزداردىن پۈتكىنىنى ئال دەپتىكەن، ئاله كارتاڭنى، مەخپىي نومۇرى قانچە؟

رەشىدە مائاش كارتىسىنى مەخپىي نومۇرى بىلەن قوشۇپ قاسىمغا بەرگەندىن كېيىن، پىكاپ غالىپنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ توختىدى، قاسىم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى غالىپنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، رەشىدەگە قاراپ سەت ھىجىيىپ تۇرۇپ غالىپقا:

«بايا قاراڭغۇدا قارىماپتىكەنمەن، خېلى چىرايلىق خوتۇنۇڭ بار ئىكەن ـ ھە» دەپ رەشىدەنىڭ ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ قويۇپ يىكاپتىن چۇشۇرۇۋېتىپ، غالىپنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇلار غالىپنى «جۇگيۇەن» مېھمانخانىسىدىكى مەخسۇس كۆتۈرە ئېلىنغان ياتاققا ئاپىرىپ سولاپ قويدى.

شۇ كۈنى رەشىدەنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇ خىيال ئىلكىدە ئولتۇرغاندا تويۇقسىز تېلېفونى سايرىدى، تېلېفون ئېرى غالىپتىن كەلگەنىدى. غالىپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئايالىغا: «خوتۇن، قەيەردىن بولسىمۇ پۇل تېپىپ، مېنى بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغىن» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

رەشىدە كىچىچە تۇغقانلىرىدىن ياردەم سوراپ يۈرۈپ 2000 يۈەن پۇل تاپتى، ئەتىسى ئەتىگەندە رەشىدەنىڭ تېلېفونى يەنە سايراپ كەتتى، تېلېفوندا غالىپنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن قاسىمنىڭ «خېنىم، سىلىگە ئەرلىرى لازىممۇ يا؟ لازىم بولسا دەرھال پۇلنى ئېلىپ كەلسىلە» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ مەن 2000 يۈەن پۇل راسلىدىم، ئادەم ئەۋەتىپ پۇلنى ئېلىپ كەتسىلە، ئېرىمنى قويۇپ بەرسىلە، ـــ دېدى رەشىدە يىغلىنىپ.

قاسىم ئۆزىنىڭ ئالىم دېگەن چوماقچىسىنى ئەۋەتىپ پۇلنى ئېلىپ كەلدى، ئالىم پۇلنى ئېلىپ بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى پۇلنى قاچان تەييار قىلىپ بولسا، ئېرىنى شۇ چاغدا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قاسىمنىڭ ئادىمى پۇلنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، رەشىدەنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى ـ دە، دەرھال قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى. شۇ كۈنى قاسىم ئوغلى ئەكبەر، شوپۇرى توختى، قول چوماقچىسى سەمەت ۋە ئالىملارنى «جۇگيۇەن» مېھمانخانىسىدا غالىپ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قەرەلى توشقان قەرزنى قايتۇرالمىغان زۇنۇن ئىسىملىك يەنە بىرىگە قاراشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئەكبەر قاتارلىقلار غالىپ بىلەن زۇنۇننى بىر كىچە ياتاققا قامىغاندىن كېيىن، ئەتىسى قاسىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇلارنى قاسىمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. قاسىم يەنە قەرز سۈيلەپ چىقىپ كەتتى. رەشىدەنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ يېتىپ كەلگەن ساقچىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، غالىپ بىلەن زۇنۇننى قۇتقۇزدى. ساقچىلار قاسىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قول چوماقچىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، قاسىم يەنە بىر قەرزدارنى تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشىگە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

### قەرز بېرىش شەرتى

2007 ـ يىل 12 ـ دېكابىر قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق غالىپقا جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالدى. غالىپ بېشى قېتىپ دوستى نۇر روزىنى ئىزدەپ باردى، نۇر روزى قاسىم ئىسىملىك بىر باينى تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ باشقىلارغا پۇل بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قاسىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى، ئۇلار قاسىمنىڭ داچا شەكلىدە سېلىنغان ئۆيىگە كىردى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن، نۇر روزى قاسىمغا بۇ دوستىنىڭ جىددىي 50 مىڭ يۈەنگە موھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

ـــ بولىدۇ، بۇ پۇلنىڭ بىر ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچۈن مەن ئالدىن 8500 يۈەن تۇتۇپ قالىمەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1000 يۈەن چاي پۇلى، 500 يۈەنگە مەندە بىر



ئېسىل توخۇ بار، شۇنى ئالمىسا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، ھېلىقى توخۇنى سېتىۋالغان پۇلغا ئۇنى ئىزدەيدىغان گەپ، يۇقىرىقى شەرتكە كۆنسە، پۇل تەييار، بولمىسا باشقا يەرگە بېرىپ ئىزدەپ باقساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

غالىپ بۇ شەرتلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇ قەرزنى ئالمىسا بولمايتتى، شۇڭا قاسىمنىڭ بۇ يولسىز قەرز تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، 50 مىڭ يۈەنگە ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، قايتىپ كەتتى، بىراق غالىپ بۇ قەرزنى ھۆججەتتە دېيىشكەن بويىچە بىر ئاي ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكتىن، يۇقىرىقى ۋەقە كېلىپ چىققانىدى.

### ئايىغى چىقماس كونا قەرزلەر

قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بۇ دېلونى تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىرەيلەن تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئىشخانىغا كەلدى.

— مەن 2004 - يىلى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قاسىمدىن 50 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ھەر 10 مىڭ يۈەننىڭ 15 كۈنلۈك ئۆسۈمىگە 200 يۈەن بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپ، پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرغانىدىم. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مەن سېلىۋاتقان ئۆيگە جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ، قاسىمدىن 150 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، 200 مىڭ يۈەنگە ھۆججەت يېزىپ بەرگەنىدىم، بەش كۈندىن كېيىن ئۇ ماڭا تېلېفون بېرىپ، يەنە بىر مۇنچە شەرت قويدى، مەن قەرزنى بىر قېتىمدىلا قايتۇرالمىغاچقا، ئۇ بىر قانچە قېتىم بىر توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، جېدەل چىقاردى، بىر قېتىم



مېنى يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە ئاپىرىپ قول چوماقچىلىرىغا ئۇرغۇزدى، — دېدى ھېلىقى كىشى.

### جازانىخورنىڭ ئاقىۋىتى

قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاسىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەكبەر، شوپۇرى توختى، قول چوماقچىلىرىدىن ئالىم، سەمەت قاتارلىق بەش جىنايەت گۇماندارىنى جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويغاندىن كېيىن، نۇرغۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئارقا - ئارقىدىن دېلو مەلۇم قىلىپ كەلدى. قاسىم سوراق جەريانىدا ئۆز قىلمىشىنى ئىقرار قىلمىغان بولسىمۇ، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا گەپ قىلالماي قالدى.

2008 - يىل 24 - يانۋار جىنايەت گۇماندارلىرى قانۇنسىز قاماش قىلمىشىغا ئاساسەن، جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلدى، 2008 - يىل مارتتا قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا قاسىم قاتارلىق بەش جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن سودىدا زورلۇق قىلىش، قانۇنسىز قاماش، باشقىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قانۇنسىز باستۇرۇپ كىرىش، بۇلاڭچىلىق، تارتىۋېلىش، قاتتىق - سوقتى قىلىش جىنايىتى شەكىللەندۈ، دەپ قاراپ، قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلىدى.

قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دېلوغا ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، 2009 - يىل 27 - ماي ئوچۇق سوت ئېچىپ، جاۋابكار قاسىمغا مۇددەتلىك 19 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىش، قوشۇمچە 63 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش، جىنايەت سادىر قىلىشتا ئىشلەتكەن پىكاپىنى مۇسادىر قىلىش جازاسى بەردى؛ جاۋابكار سەمەتكە مۇددەتلىك ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بېرىپ، 5000 يۈەن جەرىمانە قويۇش؛ جاۋابكار توختىغا مۇددەتلىك ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بېرىپ، 4000 يۈەن جەرىمانە قويۇش؛ جاۋابكار ئالىمغا مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، 4000 يۈەن جەرىمانە قويۇش؛ جاۋابكار ئەكبەرگە مۇددەتلىك بىر يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى بەردى.

(دېلودىكى كىشى ئىسىملىرى ياسالما)



# ئەنگلىيەلىك زەھەر ساتقۇچىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى

شياۋ شى

2007 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر سەھەردە ئەنگلىيەلىك سېكىن ھاكىم تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبە شەھىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدا تاموژنا خادىملىرى ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تەكشۈرۈپ، چامادانىدىن ساپلىق دەرىجىسى 84.2% لىك 4030 گىرام خىروئىننى تېپىۋالدى. 2009 ـ يىل 29 ـ دېكابىر ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھاكىمنىڭ زەھەر دېلوسى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىگەندىن كېيىن، ھاكىمغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئۈرۈمچىدە ئىجرا قىلىندى. ھاكىم لوندوندىن پولشاغا، پولشادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتراش جەريانىدا ئۆزىگە بۇ ھالاكەت يولىنى ياساپ چىققانىدى...

## لوندوندىن پولشاغا بېرىش

سېكىن ھاكىم ئەسلىدە پاكىستانلىق بولۇپ، كېيىن ئەنگلىيەگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ھاكىمنىڭ پولشادىكى دوستى گالىن ساندۇسنىڭ ئەسلىشىچە، ھاكىم 2004 ـ يىلى لوندوندىكى بىر قېتىملىق دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن پولشاغا بارغان.

— شۇ قېتىم ئۇ چېتىلىپ قالغان شىركەتتىكى خىزمەتچى ئاياللارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش دېلوسى ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلغان، ئۇ سوت ھۆكۈم چىقىرىپ بۇيرۇغان تۆلەمنى تۆلىگۈدەك پۇلى بولمىغاچقا، جىممىدە لوندوندىن غايىب بولغان، — دېدى گالىن ساندوس.

2004 ـ يىل 26 ـ ئاۋغۇست لوندوندىكى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلغانىدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەينى چاغدا سېكىن ھاكىم ئايالى بىلەن بىللە كېنت بازىرىدا بىر تاكسى ئىجارە بېرىش شىركىتىنى قۇرغان، ھاكىمنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدىم دەپ ئەرز قىلغۇچى ئاشۇ شىركەتنىڭ سېتىش ۋە بازار بۆلۈمىنىڭ 24 ياشلىق ئايال دىرېكتورى ئىكەن. سېكىن ھاكىم ھەمىشە بۇ قىز بىلەن ئۇنىڭ سالاپىتى، چىرايلىقلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىدىكەن، بەزىدە ئۇنىڭ يىگىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ چىرايلىق ۋە يارىشىملىق كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: «يىگىتىڭىز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بۇ كىيىملەرنى ئېلىپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ» دېگەن، قىز ئۇنىڭ بۇنداق قالايمىقان گەپ قىلىشىغا قارشى تۇرغان، ئويلىمىغان يەردىن قىز تۇيۇقسىز ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنغان. سوت ئۇنى بۇ قىزغا تۇتۇۋېلىنغان مائاشى ۋە باشقا زىيانلىرى ئۈچۈن جەمئىي 10 مىڭ 30 فوندستېرلىڭ تۆلەم تۆلەش.



كە بۇيرۇغان، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سېكىن
هاكىم شىركىتىنى سېتىۋېتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن،
ھېلىقى قىز ئاخىرغىچە ھېچقانداق تۆلەمگە ئېرىشەلمە-
گەن.

ئېگىلىشىمچە، سېكىن هاكىمنىڭ پولشاغا كېلىشىدى-
كى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ئۇ دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغان-
دىن كېيىن، ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئىلگىرى
شىركىتىدە كاتىپ بولغان پولشالىق بىر قىز بىلەن توي
قىلغان. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى ھىندىستانلىق بولۇپ،
پاكىستاندا تۇغۇلۇپ ئەنگلىيەگە كۆچمەن بولغانىكەن،
ئۇمۇ ئېرى سېكىن هاكىمغا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئې-
تىقاد قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىر قىزى ۋە ئىككى ئوغلى
بار ئىكەن، سېكىن هاكىمنىڭ پولشالىق قىز بىلەن توي
قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن،
پولشالىق ئايال ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن بىر قىز تۇغقانلىقىنى-
مۇ ئاشكارىلىغان.

2007 - يىلى يازدا ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن
سېستىرالار ئېتىراز بىلدۈرۈش پائالىيىتىدە ساندىس ئۇ-
نىڭ بىلەن تونۇشقانىكەن. بۇ پائالىيەتكە سېستىرالار ۋە
داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر قاتنىشىپ، نۇرغۇن
ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، نەچچە يۈز كۈچ كۆر-
سەتكۈچى پولشا زۇڭلى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا چېدىر
تىكىپ ئولتۇرۇۋالغان، بۇ قېتىمقى پائالىيەت بىر ئاي
داۋاملاشقان. سېكىن هاكىم پولەك تىلىنى ياخشى سۆز-
لىيەلمىگەچكە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەنگلىيەلىك
ساندىس ۋە ئۇنىڭ دوستى پاۋلو نېۋېېررىلارنىڭ يېنىغا
كېلىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشقان ھەمدە قىزغىن
پاراڭلاشقان.

پاۋلو نېۋېېررىنىڭ ئەسلىشىچە، سېكىن هاكىم ئو-
چۇق مىجەز، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتىدىغان، ئۆزىنى
كۆرسىتىشكە ئامراق كىشى ئىكەن.

— ئەينى چاغدا بىز ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم
كۈچ كۆرسەتتۇق، سېكىن هاكىم ھەممىدىن بەكرەك
ۋارقىراپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقانىدى، — دېدى
ساندىس، — مەن شۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئۇنىڭ
خاراكتېرىنى چۈشىنىپ كېتەلمىسەممۇ، ئۇ ئاشۇ پائالى-
يەتكە قاتناشقان سېستىرالارنىڭ نەزەرىدىكى مۇھىم
شەخسكە ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كىيىملىرى
مەينەت، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلىرى قالايمى-
قان ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر مۇقىم ئىشىمۇ يوق ئىدى.

## دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى

تۇنجى قېتىم سېكىن هاكىمنىڭ ئادۋوكاتى بولغان
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قانۇن ياردىمى مەركىزىنىڭ مۇدىرى
چېن دۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ دېلو ئانچە مۇرەككەپ دې-
لو ئەمەس، چۈنكى دېلو پاكىتى ناھايىتى تولۇق.
2007 - يىل 12 - سېنتەبىر جاۋابكار سېكىن هاكىم
تاجىكىستاننىڭ دۇشەنبە شەھىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەل-
گەن، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدا تاموژنا خادىملىرى
يۈك - تاقلارنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ چامادانىدىن
تۆت بولاق خىروئىننى تاپقان، ھەر بىر بولاق خىروئىن-
نىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگىرامدىن ئارتۇق بولۇپ، جەم-
ئىي 4030 گىرام كېلىدىكەن. گەرچە ئۇ بۇ خىروئىننىڭ
قانداق بولۇپ سومكىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدى-
غانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، پاكىت ناھايىتى
ئېنىق.

2008 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق
سوت مەھكىمىسى بۇ پەۋقۇلئاددە زور خىروئىن يۆتكەش
دېلوسىنى سوت قىلىپ، 1 - سوتتا جاۋابكارغا ئۆلۈم
جازاسى بەردى، 2009 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونى قاراپ
چىقىپ، تاموژنا خادىملىرىنىڭ نەق مەيداندىكى تەكشۈ-
رۈش خاتىرىسى، يۈك - تاقلارنى تەكشۈرۈش جەريا-
نىدا تارتىلغان سۈرەت ۋە سىنغا ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەر-
نى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقىپ، 2 - سوتتا ئەسلىي سوت

ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى.

— ئادەتتە زەھەر جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى قىلچە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ زەھەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋېلىشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال، بۇنداق دېلولار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا قولغا چۈشۈرۈلگەن ماددىي پاكىتقا قاراش زۆرۈر، — دېدى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى جۇ گۇاڭچۈەن.

سوتنىڭ قارىشىچە، قولغا چۈشۈرۈلگەن ھەر بىر پاكىت سېكىن ھاكىمنىڭ يېنىدا زەھەرنى ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدىكەن. بۇ دېلونى بېجىرىشكە قاتناشقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى بىرەيلەن مۇنداق دېدى: سېكىن ھاكىم ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا جىددىيلىشىپ كەتكەن، تاموژنا خادىملىرىنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلگەندە چىرايىدا بىر خىل ھودۇقۇش ئالامەتلىرى ئېپادىلىنىپ، تاموژنا خادىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن تاموژنا خادىملىرى ئۇنى تەپسىلىي تەكشۈرمەكچى بولغان. تاموژنا خادىملىرى ئۇنىڭ چامادانىنى ئاچقاندا، ئىچىدە بىر نەچچە قۇر كىيىمدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چامادانىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، چامادانىنىڭ بىر يانچۇقىنى ئېچىپ قاراپ، كىچىك تۆت بولاق نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىغان ھەمدە ئېچىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ خىروئىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. ئەينى چاغدا سېكىن ھاكىمنىڭ يېنىدىن پەقەت 100 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 100 يۈەن خەلق پۇلىلا چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېكىن ھاكىمنىڭ زەھەر توشۇغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت بولالايدىكەن.

2 ـ سوتتا سېكىن ھاكىمغا ئادۋوكات بولغان شىنجاڭ «بېيفاڭ» ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن زاۋ خۇگىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سېكىن ھاكىم بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈپ پاراڭلاشقان، ئۇ سېكىن ھاكىمغا روھىي ساغلاملىق جەھەتتە مەسىلە بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرتۈپ باھالىتىش تەكلىپىنى بەرگەندە، سېكىن ھاكىم دەسلەپتە قوشۇلمىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتە ناھايىتى نورمال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، كېيىن روھىي كېسەل بويىچە تەكشۈرۈپ باھالىتىش ئىلتىماسىنى سۇنغان، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى سۇنۇشتىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئىلتىماسقا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن پسىخىك جەھەتتە نورمال ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسى ۋە جەمەتىدە ئەزەلدىن روھىي كېسەللەر چىقىپ باقمىغانلىقىنى يازغان. شۇنىڭ بىلەن سوت ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى بىرەيلەن مۇنداق دېدى: سېكىن ھاكىم قامالغان ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە سوت، تەپتىش تارماقلىرىدىكى نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى، پاراڭلاشتى، ئۇنى سوراق قىلدى، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن گۇمان قىلمىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى نورمال ئىدى.

سېكىن ھاكىم بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچراشقان ئىككى ئادۋوكاتنىڭ دېيىشىچە، سېكىن ھاكىم ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ، توختىماي گەپ قىلىدىكەن. بىراق ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ ـ دە.

شۇنداق قىلىپ، سېكىن ھاكىم ئۆزىنىڭ ھالاكەت يولىنى ئۆزى ياساپ، 2009 ـ يىل 29 ـ دېكابىر ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. بۇ دېلو مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، زەھەردىن ئىبارەت نىجىسنى ساتىدىكەن، توشۇيدىكەن، ئوخشاشلا ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**ئىمىنجان قۇربان** تەرجىمىسى






## قاتناش ترانسپورتىدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلىش تېلېفونى بار بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ترانسپورتىدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلىش قىزىق لىنىيەلىك تېلېفوننى يولغا قويۇپ، قاتناش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، 96511 نومۇرلۇق پاش قىلىش قىزىق لىنىيەلىك تېلېفونى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئامما يولۇچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايقىسا، مۇشۇ تېلېفونغا تېلېفون بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئەھۋال مەلۇم قىلسا بولىدىكەن.

بۇ پاش قىلىش تېلېفونىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، ئىناقلىق، سەممىيلىك، مۇلازىمەت، تەرەققىياتنى ئاساسىي تېما قىلىپ، قاتناش تەرتىپىنى ياخشىلاپ، مەدەنىي قاتناش، سەممىي قاتناش، ئىناق قاتناش قەدىمىنى تېزلىتىشنى مەقسەت قىلغان.

## قانۇن بىلىملىرى تەشۋىقاتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بىرلەشتۈرۈلدى

**بوگۇر خەۋىرى/ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز بۇخەلچەم ئەمەت، تۇرسۇن ھاجى:** بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى پائالىيىتى باشلانغاندىن بۇيان، بوگۇر ناھىيەسىنىڭ قاراباغ يېزىسى قانۇن بىلىملىرى تەشۋىقاتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى ئۆستۈردى.

بۇ يېزا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش نىزامى» نى ۋە ئاساسىي قانۇن قاتارلىق تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن خادىم تەكلىپ قىلىپ، ئاممىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە سۆزلەتكۈزدى، ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلىملىرى بويىچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى.

## كونا خۇينى تاشلىمىغان ئوغرى جاجىسىنى يېدى

**پوسكام خەۋىرى/ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مېھرىگۇل مەتقاسىم:** ئوغرىلىقتىن ئىبارەت يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان ئەخەت ياسىن يېقىندا يەنە ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە كىردى.

ئەخەت ياسىن باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇماي، ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ، 2007 ـ يىلى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. يېقىندا ئۇ قوشنىسىنىڭ قويىنى ئوغرىلاپ سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ پوسكام ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشقا تەستىقلاندى.

## كاتتايلاق يېزىسى «ئىككى نىزام» نى ياخشى تەشۋىق قىلدى

**ئاتۇش خەۋىرى/ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز تۇرغۇن پەيزۇللا، ئەمرۇللا مۇھەممەد:** يېقىندىن بۇيان ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىلىق ئەدلىيە ئورنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش نىزامى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش دولقۇنى قوزغاپ، ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈردى.





# قېينسىڭلىسى بىلەن تېپىشىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان پاجىئە

لى لى

بىر ئەر ئايالى يۇرتىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېينسىڭلىسى بىلەن تېپىشىۋېلىپ، تەپ تارتماستىن ئاشنىدارچىلىق قىلىپ يۈردى، كېيىن قېينسىڭلىسى ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئەر بۇنىڭ ھەممىسىنى قېينسىڭلىسىنىڭ يىگىتىدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى...

2008 ـ يىل 8 ـ مارت ئەتىگەن سائەت 7:00 دە ئەنسىز جىرىڭلىغان تېلېفون بىر كېچە دىجورنىلىقتا تۇرۇپ، ئەتىگەندە ئىشلەك ئالدىدا بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقان ۋاڭ چۈنلېينى دەرھال ئىشخانىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى.

ۋاڭ چۈنلېي فۇكاڭ شەھىرىدىكى بىر ساقچىخانىنىڭ ساقچىسى ئىدى. بۇنداق سەھەردە بېرىلگەن تېلېفون چوقۇم بىرەر دېلونىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ دەرھال تېلېفوننى ئالدى. تېلېفون بىر ئايالدىن كەلگەنىدى، تېلېفون بەرگۈچىنىڭ ھاسىراپ سۆزلىشىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تېلېفون بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ھېلىلا پويىزدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى، ئۆيىگە كىرىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدا بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆلگۈچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا بىر نەچچە كۈن بولغاندەك قىلاتتى.

ئايال شۇلارنى ئېيتىپلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ۋاڭ چۈنلېي ئۇنىڭ ئادرېسىنى سوراپ ئېلىپ، دەرھال فۇكاڭ شەھىرىنىڭ «دېموكراتىيە» يولىدىكى دېلو يۈز بەرگەن بۇ ئىجارە ئېلىنغان ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

بۇ بىر قاتىللىق دېلوسى بولغاچقا، دەرھال تۇتۇش قىلمىسا بولمايتتى، شۇڭا ۋاڭ چۈنلېي دەرھال فۇكاڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلدى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن، ۋاڭ چۈنلېي ۋە فۇكاڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىدىكى ساقچىلار نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ساقچىلار بىر تەرەپتىن، نەق مەيداننى ئىنچىكە تەكشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەشنى باشلىدى.

ساقچىلار دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا قاتىل بىلەن ھېچقانداق قارشىلاشمىغانلىقىنى، بېشىغا قاتتىق بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن يارىلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى بېكىتتى. ئۆلگۈچىنىڭ پېشانىسىدىكى يارا ئېغىزىدىن قارىغاندا، قاتىلنىڭ ناھايىتى قەبىھ ۋە زەھەرخەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى، جەسەتتىن كېلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقتىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە بەش ـ ئالتە كۈن بولغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

دېلونىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن

ساقچىلار جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېلو مەلۇم قىلغۇچى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنداقتا، بۇ دېلو زادى قاچان يۈز بەرگەن؟ كىم ئۆلگۈچىگە زەھەرلىك قولىنى سالغاندۇ؟ تەكشۈرۈشنى زادى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

ساقچىلارنىڭ ئالدىغا يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن مۇرەككەپ سوئاللار قويۇلغانىدى. ساقچىلار ئىشنى ئالدى بىلەن دېلو مەلۇم قىلغۇچىدىن باشلاشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سورىدى. دېلو مەلۇم قىلغۇچىنىڭ ئىسمى دىڭ سۈيشياڭ بولۇپ، ئۇ ساقچىلارغا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سىڭلىسى دىڭ سۈيلەننىڭ يىگىتىدەك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىسمى جاڭ بىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بىلەن سىڭلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى، ئۆزىنىڭ باشقا جايدىكى بىر تۇغقىنىنىڭكىگە بېرىپ بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، ئەمدىلا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

دىڭ سۈيشياڭنىڭ چىرايىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— بۈگۈن ئەتىگەندە پويىزدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە كەلدىم، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمگە بىر ئايدىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئۆينى بەكلا سېغىنغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئېرىم ئۆيدە يالغۇز بولغاچقا، خاتىرجەم بولالماي يۈرەتتىم، — دېدى دىڭ سۈيشياڭ، — ئۆيگە كىرگەندە كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى ئىدى، بىر ئايدىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ئېرىمنى سېغىنىپ كەتكەچكىمىكىن، ئىشىكتىن كىرىپلا مەن ئۇنى چاقىردىم، بىراق ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئېرىم ئەزەلدىن تۇرمۇشتا ناھايىتى تەرتىپلىك ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنى چوقۇم بۇ چاغقىچە ئورنىدىن تۇرۇپ بولدى دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم چاقىرساممۇ ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بىر خىل غەيرىي پۇراق ئۆينى بىر ئالغانىدى، مېھمانخانىغا كىرىشىمگە بۇ پۇراق تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇلدى، ئۆيدە بىرەر نەرسە سېسىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، بىز ياتىدىغان ئۆيگە كىردىم، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە جاي - جايىدا، چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ناھايىتى رەتلىك ئىدى، بىراق سېسىق پۇراق گۇپۇلدەپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. بۇ پۇراق دەل مۇشۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن مەن نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇياق - بۇياققا ئېلىپ بېقىپ، سېسىپ قالغان ھېچقانداق



نەرسىنى تاپالمىدىم. مەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىر ھازا كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇ پۇراقنىڭ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن دەرھال كارىۋاتنىڭ ياپقۇچلىرىنى ئۆرۈپ، تاختىسىنى كۆتۈرۈپلا قورقىنىمدىن ۋارقىراپ تاشلىدىم. كارىۋاتنىڭ ئاستىدا جاڭ بىننىڭ جەسىتى ياتاتتى. مەن «ئادەم ئۆلۈپتۇ» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئالدىراپ - تېنەپ سىلەرگە تېلېفون بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدىم.

دىڭ سۈيشياڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تىنماي ئېسەدەپ يىغلايتتى، بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن كۆڭلى ئېلىشىپ قۇساتتى.

ساقچىلار دىڭ سۈيشياڭنىڭ بايانلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ دېلو سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشتى، چۈنكى ئۇلار ساقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلارنى كۆپ ئۇچراتقانىدى.

دىڭ سۈيشياڭ سەل ئەسلىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن ئەزەلدىن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى، ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى، ئېرى سەل جاھىل بولسىمۇ، ئېغىر - بېسىق ئەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

— سىڭلىمنىڭ يىگىتى جاڭ بىن بىلەن ئىرىم خەن شۇنىڭ قانداق ئۆچ ـ ئاداۋىتى بارلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم. جاڭ بىننىڭ جەسىتى بىزنىڭ ئۆيدە نېمە قىلىدۇ؟ ئىرىم نەگە غايىب بولغاندۇ؟ سىڭلىمچۇ؟ ئۇ راستىنلا بۇ دېلوغا چېتىشلىقمىدۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە ساقچىلارغا.

## جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈرۈش

ساقچىلار جىنايەت گۇماندارى خەن شۇنى تونۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ قوشنىلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. بىر قوشنىسى مۇنداق دېدى:

— دىڭ سۇيشياڭنى كۆرمىگىلى بىر مەزگىل بولدى، بىر قېتىم بىر يىگىت ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، دىڭ سۇيشياڭنىڭ سىڭلىسى دىڭ سۇيلەننى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا دىڭ سۇيشياڭنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدۇم، بىر ھازادىن كېيىن، خەن شۇنىڭ ھېلىقى يىگىتنى ۋارقىراپ تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، بىراق ئىشنىڭ بۇ دەرىجىدە چوڭىيىپ كېتىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقماپتىمەن.

دىڭ سۇيشياڭنىڭ يەنە بىر قوشنىسىمۇ 1 ـ مارت خەن شۇ بىلەن ناتونۇش بىر يىگىتنى كۆرگەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى. قوشنىلار خەن شۇنىڭ ئىچ مىجەز، باشقىلار بىلەن كۆپ بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان، يالغۇز يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇنداقتا، خەن شۇ زادى قانداق ئادەم؟ ئۆلگۈچى جاڭ بىنچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ جاڭ بىن نېمىشقا خەن شۇنىڭ ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ خەن شۇ نېمىشقا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ؟ ساقچىلار خەن شۇنى دېلونى پاش قىلىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، دەرھال ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كىرىشتى.

41 ياشقا كىرگەن خەن شۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لۇيى ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بىزەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ چېڭگۇەن بازىرىدىكى بىر كەنتتە ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇراتتى.

قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، خەن شۇ ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، قارىماققا خوتۇنى بىلەن زادىلا ماسلاشمىغاندەك كۆرۈنىدىكەن، بىراق خەن شۇ بىلەن قېيىنسىڭلىسى دىڭ سۇيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

بىر قوشنىسى ساقچىلارغا دىڭ سۇيشياڭ ئۆيىدە يوق مەزگىلدە دىڭ سۇيلەننىڭ دائىم خەن شۇ بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەمما يېقىندىن بۇيان خەن شۇنىڭمۇ، دىڭ سۇيلەننىڭمۇ جىمىدە يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭغىچە جەسەتنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ چىقتى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە جاڭ بىننىڭ بېشىغا تۆمۈردەك قاتتىق نەرسە تېگىپ، ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ئۆلگەنلىكى، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى كۆپ ھاراق ئىچكەنلىكى، ئۆلگەن ۋاقتى 1 ـ مارت بولۇشى مۇمكىنلىكى بېكىتىلدى.

مەھەللە ـ كويدىكىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ساقچىلار خەن شۇنى ئاساسلىق جىنايەت گۇماندارى دەپ بېكىتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى چوقۇم مۇشۇ دېلو بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. 4 ـ مارت ساقچىلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك شىسى 64 ـ تۇەنىدە جىنايەت گۇماندارى خەن شۇنى قولغا چۈشۈردى.

خەن شۇ سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى. خەن شۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى، ساقچىلار ئەمدىلا سوراقنى باشلىشىغا ئۇ ئالدى بىلەن بىر تال تاماكا چېكىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى ھەمدە ساقچىلاردىن تاماكا سورىدى. تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورىدى. بويى 1.75 مېتىر ئەتراپىدىكى، ئەمدىلا 41 ياشقا كىرگەن خەن شۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جىسمانىي ئەمگەك بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەچكىمۇ ئەيتاۋۇر، قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا ئەمەلىي يېشىدىن خېلىلا چوڭدەك كۆرۈنەتتى، بىراق ئازراق ئاق سانجىلغان چاچلىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان پادىچىلار كىيىمىمۇ ناھايىتى پاكىز ئىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىككە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ جايىدىلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە، يەنە كېلىپ رەھىمسىزلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇشتەك قەبىھلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى.

— ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ، ناھايىتى سالماقلىق بىلەن.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا چىرايىدا نە ھودۇقۇش، نە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭغا قاراپ ساقچىلار ھەيران

قالدى، چۈنكى ئۇلار بۇنداق قاتىللىق دېلوسىدىن نۇرغۇننى پاش قىلغان، جىنايەتچىلەرنى نۇرغۇن قېتىم سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدەك تەمكىنلىك بىلەن جىنايىتىنى تاپشۇرىغان جىنايەتچىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

## قېيىنسىڭىلىسى بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلىش

خەن شۇ ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن، شۇنداقلا قېيىنسىڭلىسى دىڭ سۈيلەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

2007 - يىل ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى، خەن شۇنىڭ ئۆيىگە بىر كۈتۈلمىگەن مېھمان كېلىپ قالدى، بۇ مېھمان ئەزەلدىن بىر خىل تۇرمۇش رىتىمىدە ياشاپ كەلگەن خەن شۇنىڭ تۇرمۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ مېھمان دەل خەن شۇنىڭ خوتۇنى دىڭ سۈيشياڭنىڭ سىڭلىسى دىڭ سۈيلەن ئىدى. دىڭ سۈيشياڭ بىلەن دىڭ سۈيلەن بىر قورساق ئاچا - سىڭىل بولسىمۇ، مىجەزى زادىلا ئوخشىمايتتى. دىڭ سۈيشياڭ يۇۋاش - تۇرۇشىدىنلا سەھرالىقلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان، ساددا، تۈز ئايال ئىدى، ئەمما دىڭ سۈيلەن شوخ، زامانغا لايىق كىيىنىپ، مودا قوغلىشىپلا يۈرىدىغان، خۇش چاقچاق قىز ئىدى، دىڭ



سۈيشياڭ ھەر كۈنى ئېرى ۋە بالىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەنلا بەند بولۇپ ئۆتەتتى، تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمىتى ئىدى، بىراق دىڭ سۈيلەن چاچلىرىنى مودا ياسىتىپ تاراپ، كۈن بويى تورغا چىقىپ، چايخانىدا پاراڭلىشىپ، ناھايىتى رومانتىك يۈرەتتى.

گەپكە ئۇستا دىڭ سۈيلەن ھەمىشە خەن شۇنى «ئاكا» دەپ چاقىرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى خەن شۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتەتتى. دىڭ سۈيشياڭ ناھايىتى ياۋاش، ساددا ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئېرى ئۆزىنىڭ مەبۇدى، بالىسى ئۈمىدى، ئائىلىسى بارلىقى ئىدى.

2008 - يىل چاغان ئەمدىلا ئۆتۈشكە دىڭ سۈيشياڭنىڭ يۇرتىدىكى تاغىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، دىڭ سۈيشياڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە كېلىپ كېتىشكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن دىڭ سۈيشياڭ بالىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەتتى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئېرىگە سىڭلىسى دىڭ سۈيلەنگە ياخشىراق قاراپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئۇ بۇ سەپەرنىڭ دىڭ سۈيلەن بىلەن خەن شۇنى تېپىشتۇرۇپ قويىدىغان سەپەر بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

دىڭ سۈيشياڭ كەتكەندىن كېيىن، خەن شۇ ئىلگىرىكىدەكلا ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا كېتىپ، ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، شۇنداق كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

— ئايالىم قايتىپ كېلىپ مېنى كۈتۈپ ئۇخلىماپتۇ - دە، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدە قېيىنسىڭلىسى دىڭ سۈيلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. خەن شۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇياق - بۇياققا قارىدى. بۇنى كۆرگەن دىڭ سۈيلەن كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ ھەدىڭىز قېنى؟ — دەپ سورىدى خەن شۇ.

— ھەدەم تېخى قايتىپ كەلمىدى، بىرىم كېچە بولغاندا خوتۇنىڭىزنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى دىڭ سۈيلەن چاقچاق قىلىپ.

ئۇ شۇنداق دەپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. خەن شۇ قىلىقلىرى ئۆزىگە كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈ-

لۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دىڭ سۆيلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشخانىدىن ئىسسىق تاماقنى ئېلىپ چىقىپ خەن شۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاكا، قېنى تېتىپ بېقىڭ، بۇ تاماقنى مەن ئەتكەن، — دېدى دىڭ سۆيلەن.

— ماقۇل، — دېدى خەن شۇ، بىراق قېيىنسىڭلىسىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى ئۇ دىڭ سۆيلەننىڭ كۆكسى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان نېپىز بىر كۆڭلەكنى كىيىۋالغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى.

خەن شۇ جايىدا مىدىرلىماي تۇراتتى. دىڭ سۆيلەن ئۇنىڭ نېمىگە بۇنداق تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي، ئۇنى تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭدى. شۇ چاغدا دىڭ سۆيلەننىڭ يۇمشاق كۆكسى خەن شۇنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ كەتتى. ئايالى بىلەن بىللە بولمىغىنىغا بىرەر ئايدىن ئاشقان خەن شۇنىڭ تېنى جىغىلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىڭ سۆيلەنگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭمۇ نەپسىنىڭ سەل جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال دىڭ سۆيلەننى تارتىپ قۇچاقلاپ سۆيدى. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن دىڭ سۆيلەن دەسلەپتە قارشىلىق قىلغاندەك قىلسىمۇ، خۇددى ئىدىيە جەھەتتە بالدۇرلا تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك تېزلا خەن شۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدى...

تۇنجى قېتىملىق ناشايان ئىشتىن كېيىن، ئۇلار 2 ـ ۋە 3 ـ قېتىممۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى... ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دىڭ سۆيشياڭ قايتىپ كەلدى، دىڭ سۆيلەن بىلەن خەن شۇ بىر مەزگىل ئۆزىنى يىغىشتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، پۇرسەت بولسىلا ئۇچرىشىپ تۇردى، بەزىدە مېھمانخانىلاردا بۇزۇقچىلىق قىلدى.

دەسلەپتە خەن شۇ ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئامال بار ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى ئويلىسىمۇ، ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك قېيىنسىڭلىسىنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئەمما دىڭ سۆيلەن ئۆزىنىڭ ئاچىسىغا خىيانەت قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭدا مەسئۇلىيەت، قېرىنداشلىق مېھرى دېگەن ئۇقۇم يوقتەك قىلاتتى. ئۇ پەقەت ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ رەسۋا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بالدۇرراق بىرەر يىگىت تېپىپ، توي قىلغاندىن كېيىن خەن شۇدىن



قول ئۈزۈشنىلا ئويلايتتى.

## قاتىللىق قىلىپ، جەسەتنى كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇش

ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، دىڭ سۆيشياڭ ئېرىنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بىخەۋەر يۈرۈۋەردى. 2008 ـ يىل فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا دىڭ سۆيشياڭ يەنە باشقا جايدىكى بىر تۇغقىنىنىڭكىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا يەنە پۇرسەت يارىتىلدى. بىر كۈنى دىڭ سۆيلەن بىلەن خەن شۇ بىر كېچە بىللە يېتىپ، ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا:

— قېيىنئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئاشنىدارچىلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرمىساقمىكىن دەيمەن، ھازىر مېنىڭ يىگىتىم بار، بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە بولۇشىمىز، بۇ كېچە ئايرىلىش كېچىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى خەن شۇ ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ.

خەن شۇ كېيىمىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ دىڭ سۆيلەنگە قارىدى ھەمدە خېلىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ كەلگەن بۇ سەتەڭنىڭ يات

بىر ئەرنىڭ قوينىغا كىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولغاندەك بولدى.

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى خەن شۇ سوغۇققىنا.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن توردا تونۇشقان، ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ بىن، بىز ھازىر مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز، توي قىلىشنى ئويلاشتۇق، — دېدى دىڭ سۈيلەن.

— بوپتۇ، ئەمىسە ئۇنى باشلاپ كېلىڭ، مەن بىللە تاماق يېگەچ ئۇنى كۆرۈپ باقاي، ماڭا يارىسا مەن خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى خەن شۇ بىردەم تۇرۇۋېتىپ.

دىڭ سۈيلەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خەن شۇگە ئوخشاش ئائىلى تۇرۇپ باشقىلار بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەرلەر بۇنداق ئىشلارنى ئېغىر ئېلىپ كەتمەيتتى.

ئەتىسى جاڭ بىن لايىقىنىڭ تەكلىپى بويىچە خەن شۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ كۈنى خەن شۇ ئىشقا بارماي، مەخسۇس ئۆز قولى بىلەن قورۇما قورۇپ تەييارلىق قىلدى. خەن شۇ بىلەن جاڭ بىن ئۆيدە ھاراق ئىچىشتى، ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن، خەن شۇ مەست بولۇپ قېلىپ، قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىدى. دىڭ سۈيلەن يىگىتىنىڭ مەست بولۇپ خۇدىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇ خەن شۇنىڭ ئۆزىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەرھال ئۈزمىسە، ئىشتىن چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

27 - فېۋرال دىڭ سۈيلەن جىممىدە يوقاپ كەتتى. ئۇ خەن شۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولغاندا كېلىشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشى خەن شۇنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. ئۇ دىڭ سۈيلەننىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىگە جاڭ بىننى سەۋەبچى دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭ بىنگە ئۆچ بولۇشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ جاڭ بىننى كۆزدىن يوقىتىش قارارىغا كەلدى.

2008 - يىل 1 - مارت كەچتە خەن شۇ جاڭ بىننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچكەچ پاراڭلاشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ھاراق ئىچىشكە باشلىغاندىن كېيىن، خەن شۇ ئۇنىڭدىن دىڭ سۈيلەننىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. جاڭ بىن بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. خەن شۇ ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، جاڭ بىننى راسا تىللىدى. ئۇلار بىردەمدىلا جېدەللىشىپ كەتتى، بىراق خەن شۇ بىردەمدىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاڭ بىندىن كەچۈرۈم سورىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كەيپىلىكتە قالايمىقان سۆزلەپ سالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار يەنە «ئىناق» بولۇپ يېرىم كېچىگىچە ھاراق ئىچىشتى. ھاراق كۆتۈرەلمەيدىغان جاڭ بىن كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆيىگە كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خەن شۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولدى. ئۇ ئۇيقۇغا كەتتى. خەن شۇنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ بىخىرامان ئۇخلاۋاتقان جاڭ بىنگە قاراپ، بىردىنلا خۇدىنى يوقاتتى - دە، بولقىدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ، جاڭ بىننىڭ بېشىغا غەزەپ بىلەن بىرنى ئۇردى.

— ئاناڭنى ئۆلگۈر، ئۆلە، سەن تېخى مەندىن قىز بالا تالاشماقچىمىدىڭ! — دېدى.

ئاندىن ئۇ ھەرە تېپىپ كېلىپ، جاڭ بىننىڭ بويىندىن ھەرىدىۋېتىپ، جەسەتنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. بىچارە جاڭ بىن ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ تىراگېدىيە يۈز بەردى. خەن شۇ قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي سوت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى ھەمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

2010 - يىل 15 - يانۋار جاۋابكار خەن شۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئوكۇل بىلەن ئىجرا قىلىندى. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا خەن شۇ ئىللىق قۇياش نۇرىغا قاراپ ئەلەملىك ياش تۆكتى، بىراق ئۇنىڭ يۈرىكى ئاستا - ئاستا توختاپ قېلىۋاتاتتى...

*شۇنداق قىلىپ، بىر ئىللىق ئائىلە ۋەيران بولدى، ئاچا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى سىرمۇ ئاشكارىلاندى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، قېيىنئاكىسى بىلەن تېپىشقان بىر قىز ئاچىسىنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلدى، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنىمۇ نابۇت قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببەت كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەر كۆپىيىپ قالدى. بۇ دېلو بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئاچا - سىڭىل، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ناتوغرا مۇناسىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە كىشىلەرگە چوڭقۇر ئىبرەت بولۇپ قالغۇسى!*

**ئابدۇرېشىت** تەرجىمىسى

# خەلقئارا سېسترالار بايرىمى قانداق كېلىپ چىققان

12 – ماي خەلقئارا سېسترالار بايرىمى كۈنى. خەلقئارا سېسترالار كېڭىشى بۇ يىلقى سېسترالار بايرىمىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى «سۈپەتلىك پەرۋىش قىلىش، مەھەللىلەرگىچە مۇلازىمەت قىلىش، سېسترالارنى ئۇزاق مۇددەتلىك پەرۋىشكە يېتەكلەش» دەپ بېكىتتى.

خەلقئارا سېسترالار بايرىمى سېسترالىق كەسپىنىڭ ئاساسچىسى، پەرۋىش ئىلمىنىڭ پېشۋاسى فلورېنس نىگتىنگالنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1921 – يىلى تەسىس قىلىنغان.

نىگتىنگال 1820 – يىل 12 – ماي ئىتالىيەنىڭ فلورېنسىيە شەھىرىدىكى بىر باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 – يىلى گېرمانىيەگە بېرىپ، پەرۋىش كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى 1854 – يىلىدىن 1956 – يىلىغىچە چاررۇسىيە بىلەن جەڭ قىلغاندا ئەنگلىيە ئالدىنقى سەپ دوختۇرخانىسىنىڭ باشقۇرۇش، قۇتقۇزۇش شارائىتى ناچار ھەم ئاغرىقلارغا قارايدىغان سېسترا بولمىغاچقا، ئەنگلىيە ئارمىيەسىدىكى يارىدارلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 50% كە يەتكەن. نىگتىنگال سېسترالارنى ئالدىنقى سەپ دوختۇرخانىسىغا باشلاپ بېرىپ، دوختۇرخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پەرۋىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، قىسقىغىنا نەچچە ئاي ئىچىدە يارىدارلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى 2.2% كە چۈشۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان. نىگتىنگال 1860 – يىلى ئەنگلىيەدىكى سايىنت دوما دوختۇرخانىسىدا دۇنيا بويىچە تۇنجى مۇنتىزىم سېسترالار مەكتىپىنى قۇرغان ھەم مەخسۇس پەرۋىش ئىلمى توغرىسىدا نەچچە پارچە كىتاب يازغان. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئىدىيەسى ئەنگلىيەدىن ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە تارقىلىپ، ئۆزى يېقىنقى زامان پەرۋىش كەسپىنىڭ ئاساسچىسى، دەپ تەرىپلەنگەن.

نىگتىنگال 1910 – يىلى ۋاپات بولغان. خەلقئارا سېسترالار كېڭىشى نىگتىنگالنىڭ پەرۋىش ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1912 – يىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خەلقئارا سېسترالار بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن.

**ئەخمەت توختى** تەرجىمىسى

# فىنلاندىيەلىك بالىلار

ئوقۇتۇش سۈپىتى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان فىنلاندىيەدە ئاتا – ئانىلار بالىلىرىنىڭ قايسى كۇرۇژوكقا قاتنىشىشىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ. فىنلاندىيەدە كۇرۇژوكلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما چەت ئەل تىلى، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات پەنلىرى ناھايىتى ئاز، تەنتەربىيە، سەنئەتكە دائىر كۇرۇژوكلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئوغۇل بالىلار ئادەتتە قار – مۇز تەنھەرىكىتى، پۇتبول، تېنىس توپ ۋە قورۇق قول ئېلىشىش گۇمپىسى كۇرۇژوكلىرىغا قاتنىشىدۇ، قىز بالىلار ئادەتتە باليېت، پىئانىنو، گىمناستىكا ۋە مۇز تېيىلىش كۇرۇژوكلىرىغا قاتنىشىدۇ. فىنلاندىيەدە ئەمدىلا نەچچە ئايلىق بولغان بوۋاقلارنىمۇ ئاتا – ئانىلىرى مۇزىكا كۇرۇژوكلىرىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار ئۈچ – تۆت ياشقا كىرگىچە خېلى كۆپ چالغۇ ئەسۋاب بىلەن تونۇشۇپ، مۇزىكا سېزىمى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بەش – ئالتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن، بەزى بالىلار ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن ئاتا – ئانىلىرىغا گېتار چېلىشنى ئۆگىنىمەن، دېيەلەيدۇ. فىنلاندىيەلىكلەر دۆلەت ھەرىكىتى بولغان مۇز ئۈستى چۇماق توپىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا نۇرغۇن بالا ئۈچ – تۆت ياشقا كىرىپلا كانكى ئايىغى كىيىپ، چۇماقنى قولىغا ئېلىپ، كانكى مەيدانىدا ئويناشقا باشلايدۇ. فىنلاندىيەلىكلەر بالىلارغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئۆگەتكەندىلا، ئاسان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. فىنلاندىيەدە بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۇرۇژوكلارغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار تاپشۇرۇقنى ئادەتتە يېرىم سائەتتىلا ئىشلەپ بولالايدۇ. نۇرغۇن بالا دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە كۇرۇژوكلارغا بارىدۇ. كۇرۇژوكلاردا دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى ئاتا – ئانىلارنىڭ خىزمەت ۋاقتىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

**ئەخمەت توختى** تەرجىمىسى



# خوتۇننى باشقا ئەرنىڭ قۇچىقىغا ئىتترگەن ئاچكۆز ئەرنىڭ شەرمەندە بولۇشى

خې بىڭجى

*بۇ بىر بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئاجرىشىش ماجىرا-
سى دېلوسى، يەنى شېنجېن شەھىرىدە تىرىكچىلىك قىلى-
دىغان، كەسىپتە ئۇتۇق قازانغان بىر ئەر ئايالى بىلەن
ئاجراشماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇ مال - مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە
ئاز تېگىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سوتتا ئايالىغا گۇناھ ئار-
تىش مەقسىتىدە شەخسىي رازۋېدكىچى ياللاپ، ئايالىنىڭ
ئەخلاقسىز قىلمىشلىرى توغرۇلۇق پاكىتقا ئېرىشمەكچى بو-
لىدۇ، لېكىن ئايالى ئەخلاقلىق ئايال بولغاچقا، ئۇ مەقسىتىگە
يېتەلمەي، شەخسىي رازۋېدكىچىنى ئايالىنى ئىندەككە كەل-
تۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئايالى ئائىلە شادلىقى-
دىن بەھرىمەن بولالمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغاچقا، ئايالل-
نى ئىندەككە كەلتۈرۈشنى كەسىپ قىلىۋالغان شەخسىي
رازۋېدكىچىنىڭ ساختا مېھىر - مۇھەببىتى ۋە شېرىن -
شېكەر سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ يولدىن چىقىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، نەۋقىران بىر ئەر ئايالىنىڭ ئاتالمىش گۇ-
ناھىنى دەستەك قىلىپ، ئاجرىشىپ كېتىش ئۈچۈن خەلق
سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنىدۇ.*

### ئايالىغا گۇناھ ئارتىش ئۈچۈن ئىسپات ئىزدۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىش

ۋۇ شياۋجېڭ 1970 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ
ليەنجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن، شېنجېنغا كېلىپ، بىر قانچە يىل تىر-
شىپ ئىشلەپ، كەسىپتە نەتىجە قازاندى، 1996 - يىل ئە-
يۇندا، سودىگەر خېنىم جياڭ تىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى.

ئۇلار كېيىنكى يىلى پەرزەنتلىك بولدى. جياڭ تىڭنىڭ
سودىسىمۇ يۈرۈشۈپ، ئۆز ئالدىغا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى
سېتىش شىركىتى قۇرۇۋالدى ھەمدە مەلۇم بىر چوڭ سودا
شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى.
1999 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ۋۇ شياۋجېڭ جياڭ
تىڭنىڭ سىڭلىسى بىلەن بىرگە تېلېفون كارتىسى بېجىر-
گىلى بېرىپ، قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى جياڭ تىڭنىڭ
كىملىكىدە 1970 - يىلى تۇغۇلغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۇ ئا-
يالىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ يېشى قانداقلارچە ئاچىسىنىڭكىدىن
چوڭ بولىدۇ، بۇ يەردە چوقۇم بىر گەپ بار ئىكەن، دەپ
گۇمان قىلىپ، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپلا ئايالىدىن قايتا - قايتا
سوراپ، ئايالىنىڭ 1966 - يىلى تۇغۇلغانلىقى، يەنە كې-
لىپ، بىر قېتىم توي قىلىپ، ئۇزۇن ئۆي تۇتالماي ئاجرى-
شىپ كەتكەنلىكى، كىملىكىنى قانۇنسىز ياساتقۇۋالغانلىقىدىن
خەۋەر تاپتى. ئۇ ئايالىنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى ئۆزىدىن
يوشۇرغانلىقى، ئۇنىڭ يېشى چوڭ بولۇش بىلەنلا قالماي،
يەنە تېخى بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجراشقانلىقىنى ئويلىغان-
سېرى ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، ئايالى بىلەن بىر قانچە

كۈن قاتتىق سوقۇشتى.

2006 ـ يىل ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى ۋۇ شياۋجېڭ با-
لىسىنى ئالغىلى يەسلىگە باردى. ئۇ بىر ئاز كېچىكىپ قال-
غاچقا، باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ـ ئانىلىرى ئېلىپ
كەتكەنىدى. ۋۇ شياۋجېڭنىڭ قىزى ئۆزى يالغۇز قالغان،
باشقا كۈنلەردىكىدەك يىغلاپ تۇرغانىدى، 18 ياشلار چامى-
سىدىكى بىر قىز ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتىۋاتقان-
كەن. ۋۇ شياۋجېڭ ئۇ قىزغا رەھمەت ئېيتقاچ، بىردەم
پاراڭلىشىپ قالدى.

ئۇ قىز مەلۇم بىر بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپىنى ئەمدىلا
پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا،
يەسلىدە ۋاقىتنچە ئىشلەپ تۇرغانىكەن. ۋۇ شياۋجېڭ ئۇنىڭ
مۇلايىم ھەم چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەلبىدە
ئىللىق سېزىم پەيدا بولدى. شۇ كۈندىن كېيىن، ئۇ قىزنى
ئالغىلى ئۆزى بارىدىغان بولۇۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ھې-
لىقى قىز بىلەن چىقىشىپ قالدى.

2007 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن-
لىشىپ كەتتى. ۋۇ شياۋجېڭ ئايالىنىڭ ئۆتمۈشىنى زادىلا
ئۇنتۇپ كېتەلمەي، ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاشۇ قىز بىلەن توي
قىلىشنى قارار قىلدى. بىراق، ئۇ ئايالىنىڭ ئاجرىشىپ كې-
تىشكە ئاسانلىقچە قوشۇلمايدىغانلىقى، سوتقا ئەرز قىلسا،
مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە ئاز تېگىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان
بىلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ۋۇ شياۋجېڭ ئايالىنىڭ پۇت تىرەپ
تۇرغۇدەك سەۋەنلىكىنى تېپىپ، ئاندىن قانۇن ئارقىلىق ئۆ-
زىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق ئايالى
ئەخلاقلىق ئايال بولغاچقا، ئايالىنىڭ سەۋەنلىكىنى تېپىپ
چىقىشقا كۆزى يەتمىدى.

2007 ـ يىلى سىنتەبىرنىڭ بىر كېچىسى ئۇلار تاتلىق
ئۇخلاۋاتقاندا، جياڭ تىڭنىڭ تېلېفونى بىر جىرىڭشىپلا
توختاپ قالدى. ۋۇ شياۋجېڭ دەرھاللا:

— يېرىم كېچىدە تېلېفون بەرگەن كىم؟ — دەپ
سورىدى.

جياڭ تىڭ ئۇيقۇچىلىقتا ئۇنىڭ سوئالىغا ئېرەن قىل-
ماي، ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى. ۋۇ شياۋجېڭ ئاچچىقىدا
قارشى تەرەپكە تېلېفون بېرىپ كۆرۈۋىدى، تېلېفوننى بىر
ئايال ئېلىپ، مۇلازىمەت كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى
سورىدى. ۋۇ شياۋجېڭ ئايالىنى قايتا ـ قايتا سوراق قىلغان
بولسىمۇ، گۇمانلىق بىرەر گەپ ئالالماي، ئۇيقۇغا كەتتى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋۇ شياۋجېڭ ئايال-
ىنىڭ بىر قانچە ئەر بىلەن بىرگە بىر رېستوراندىن چىقىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال يانفونى بىلەن سۈرەتكە
تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئايالىنىڭ تېلېفون خاتىرىسىدىن
كىملەر بىلەن كۆپرەك تېلېفونلىشىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە
باشلىدى. جياڭ تىڭ ئېرىنىڭ ئۆزىدىن گۇمان قىلىۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ
ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋەرگەنلىكىگە
چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم قاتتىق سو-
قۇشۇپ قالدى. ۋۇ شياۋجېڭ دەل ئايالىنىڭ ئۆزى بىلەن
جېدەللىشىشنى كۈتۈۋاتقانىدى. ئۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىگە
ئايالى بىلەن ھېچقانداق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھېسسىياتى قالمى-
غانلىقى، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالغان-
لىقىنى ئېيتىپ يۈردى.

2007 ـ يىل دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ۋۇ شياۋجېڭ ئايا-
لىنى سىرتتا ئاشنا تۇتۇۋالغان ھەمدە ھەقىقىي يېشنى يو-
شۇرغان دېگەننى باھانە قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ بارلىق مال ـ
مۈلكىنى ئۆزىگە بۆيرۈپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ،
ئاجرىشىپ كېتىش توغرۇلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە
ئەرز سۇندى.





سوتتا جياڭ تىڭ ئېرىنىڭ سىرتتا ئاشنا تۇتۇۋالدىڭ دېگەن گېپىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئەر بىلەن بىنورمال مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، يېشىنى يوشۇرغانلىقىنىڭ راستلىقى، لېكىن ئېرىنىڭ بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا بىلىدىغانلىقى، پەرزەنتنى دەپ ئېرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ۋۇ شياۋجېڭ بۇ دەۋادا ئۇتتۇۋالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. قانداق قىلىش توغرۇلۇق بېشى قېتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋۇ شياۋجېڭ بىر دوستى بىلەن تاماق يېگىلى بېرىپ، ۋاڭ شياۋۋۇ ئىسىملىك شەخسىي رازۋېدچىك بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ۋاڭ شياۋۋۇ ئاساسلىقى ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ مال ـ مۈلكى، سىرتتا ئاشنىسى بار ـ يوقلىقى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشنى كەسىپ قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا بىر قانچە چوماقچىسى بار ئىدى. ئۇ ۋۇ شياۋجېڭنىڭ ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز سۇنغانلىقى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىسپات كۆرسەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ:

— راستىنلا ئايالىڭىز بىلەن ئاجراشماقچى بولسىڭىز، ئايالىڭىزنىڭ بىر قانچە قېتىملىق تېلېفونلىشىش خاتىرىسى ۋە رېستوراندىن بىر قانچە ئەر بىلەن بىرگە قايتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سۈرەتكە تارتىۋالغانلىقىڭىز بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئوغرىنى جازاغا تارتقۇزۇش ئۈچۈن، زاڭ مال بىلەن بىرگە قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ۋۇ شياۋجېڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇقتەك ھېس قىلىپ، قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىدى.

— مەن مۇشۇ ئىش بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇراي! — دېدى كەسكىنلىك بىلەن ۋاڭ شياۋۋۇ.

ئەتىسى ۋاڭ شياۋۋۇ تولۇق قوراللىنىپ، جياڭ تىڭنى رازۋېدكا قىلىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ بىر قانچە كۈن رازۋېدكا قىلغان بولسىمۇ، جياڭ تىڭنىڭ بىرەر ئەخلاقسىز قىلمىشىنى بايقىمىدى. 6 ـ يانۋار ئۇ ۋۇ شياۋجېڭغا ئايالىنىڭ سىرتتا ئاشنىسى يوق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەشنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋۇ شياۋجېڭ ئۇنىڭدىن بىرەر ئامال قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— پۇل خەجلەشنى خالىسىڭىزلا، ئىسپات تاپالمىساق ئىسپاتنى ئۆزىمىز ياساپ چىقىمىز، — دېدى ۋاڭ شياۋۋۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ۋۇ شياۋۋۇنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئايرىم ئىدى. بەزىلىرى ئىنتايىن كېلىشكەن، گەپكە ئۇستا بولۇپ، ئاياللارنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرەلەيتتى، شۇ ئارقىلىق ئىسپاتقا ئېرىشەلەيتتى.

— ئەگەر ئاياللار ئېرىنىڭ ئاشنىسى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسا، 40 مىڭ يۈەن تەلەپ قىلاتتۇق، ئەرلەر 20 مىڭ يۈەن خەجلىسىلا ئايالىنىڭ سىرتتىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تولۇق پاكىت بىلەن تەمىنلەيمىز، — دېدى ۋاڭ شياۋۋۇ.

ۋۇ شياۋجېڭ 20 مىڭ يۈەن بېرىشكە قوشۇلدى. ۋاڭ شياۋۋۇ 27 ياشقا كىرگەن چوماقچىسى شياۋ شياڭنى چاقىرىپ كېلىپ، جياڭ تىڭنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

شياۋ شياڭ قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.83 مېتىر كېلەتتى. ۋۇ شياۋجېڭ جياڭ تىڭنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تېلېفون نومۇرى، قىزىقىشى، خاراكتېرى قاتارلىقنى شياۋ شياڭغا بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى.

## ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئايال ناھايىتى ئاسانلا قىلتاققا چۈشتى

2007 ـ يىل 7 ـ يانۋار شياۋ شياڭ جياڭ تىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ يەككە تىجارەتچى ئىكەنلىكى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سودىسىدا كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى، توردىن ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىكەنلىكىنى

كۆرۈپ، مەسلىھەت سوراپ باققۇسى كېلىپ تېلېفون بەرگەنلىكى، ۋاقتى بولسا كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. جياڭ تىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، شياۋ شياڭ رەتلىك كىيىنىپ، جياڭ تىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇ جياڭ تىڭنى كۆرۈپلا يېقىملىق ھەم ئىرىشچان، كەسپەن قابىل ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ئىككىيلەننىڭ تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا بىر ـ بىرىگە بەرگەن تەسىرى ئىنتايىن ياخشى بولدى. شياۋ شياڭ جياڭ تىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئاۋۋال قورۇلۇش ماتېرىياللىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇمات ئىگىلىگەن بولغاچقا، ئىككىيلەننىڭ قارىشى بىر يەردىن چىقتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ۋۇ شياۋجېڭ ئۆيىدە ئايالىنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتى، كەيپىياتى، كۈندىلىك ئىش تەرتىپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، شياۋ شياڭغا دوكلات قىلىپ تۇردى.

دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋۇ شياۋجېڭ ئايالىنىڭ كوچا ئايلانغىلى چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال شياۋ شياڭغا تېلېفون بەردى. شياۋ شياڭ شۇ ھامان جياڭ تىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ كەسىپ جەھەتتىن يول كۆرسەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. جياڭ تىڭ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، شياۋ شياڭ جياڭ تىڭنىڭ قالتىس ئايال ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا بارغانسېرى چىن دىلىدىن قايىل بولۇۋاتقانلىقى ھەم ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. جياڭ تىڭ ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن سۆيۈنۈپ، قەلبىدە باشقىچە سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئۇنى داۋاملىق تىرىشسا، چوقۇم نەتىجە قازىنالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ رىغبەتلەندۈردى. ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىر تورتخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، شياۋ شياڭ جياڭ تىڭغا پىكاپىنى بىردەم توختىتىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، تورتخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، بىر دەمدىن كېيىن، بىر دانە تورتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئاياللار تورتقا ئامراق كېلىدۇ، سىز تاماقنى تۈزۈك يېمىدىڭىز، بۇ تورتنى كەچتە يەرسىز، — دەپ كۈلۈمسىرىگىنىچە تورتنى پىكاپتا قويۇپ قويدى.

جياڭ تىڭ دەل ئاشۇ خىلدىكى تورتقا بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ شياۋ شياڭنىڭ ئۆزىگە خۇددى لايىقىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلار بىر قانچە قېتىم بىرگە تاماق يېدى. شياۋ شياڭ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى ئانچە ـ مۇنچە پۇرىتىپ تۇردى. جياڭ تىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بارلىقىنى ئىپادىلەپ، ئېرى بىلەن بولغان نىكاھ ئىشىنىڭ سوغا چىلىشاي دەپ قېلىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار خېلىلا يېقىنلىشىپ قالدى. جياڭ تىڭ شياۋ شياڭنى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ پۇلىنى كۆزلەپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانمىكىن دەپ قالغانلىقى، ئارىلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ راستىنلا سەمىمي ئەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ شياۋ شياڭ ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن كۆيۈنگەن بولۇۋېلىپ، ئۇنى ئېرىتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى ئۇلار كەچلىك تاماقنى بىرگە يېدى. تاماقتىن كېيىن، شياۋ شياڭ بىر مېھمانخانىغا بېرىپ ئارام ئېلىشنى ئېيتتى. جياڭ تىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، مېھمانخانىغا بېرىپ ياتاق ئاچتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، جياڭ تىڭ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن بىئارام بولغانلىقى، گەرچە شياۋ شياڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياش پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى، شياۋ شياڭنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزدىن بىرنى تېپىپ، نورمال تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى كېرەكلىكى، لايىق تېپىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ



قىلىشنى خالايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىققا كۆچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شىياۋ شياڭ ئۇنىڭ مىجەزى ئوچۇق، سەمىمىي ئىكەنلىكى، پەقەت ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەچكە ئۆزى بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ قالغانلىقى، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان قىلمىشىنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئېغىر زەربە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىلمىشىدىن ئۆكۈندى.

24 - دېكابىر كەچتە ئۇلار بىر قانچە دوستى بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ، مەيخانىغا بېرىپ پوخادىن چىققۇچە ئوينىدى. قاۋاقخانىدىن يانغاندىن كېيىن، ئۇلار باشقا دوستلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ، بىر مېھمانخانىغا بېرىپ، شىياۋ شياڭنىڭ نامىدا ياتاق ئاچقۇزدى. شۇ كېچىسى جياڭ تىڭ شىياۋ شياڭغا ئېرىنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى يېقىنچىلىق قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداقتا، سىز نېمە ئۈچۈن ئېرىڭىزنىڭ يېقىنچىلىق قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ باقمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىياۋ شياڭ.

— ئېرىم سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس دەيدۇ، — دېدى جياڭ تىڭ.

شىياۋ شياڭ ئۇنىڭ ئائىلىدىن كۆڭلى سوۋۇغان ئەرلەر دەيدىغان، جىنگا توختىمايدىغان ئاشۇ گەپكە ئىشىنىپ يۈرگەنلىكىگە ھەيران بولدى - يۇ، باشقا گەپ قىلمىدى.

ۋۇ شياۋجېڭ ئائىلىنىڭ شىياۋ شياڭ بىلەن ئاپپاق - چاپاق بولۇشۇپ، كېچىلىرى ئۆيگە قايتماس بولۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاڭ شياۋۋۇغا ئۆزىنى تېزرەك ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئۆتۈندى.

2008 - يىل 16 - يانۋار ۋۇ شياۋجېڭ ۋاڭ شياۋۋۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەسلىدىكى ئەرزىنى قايتۇرۇۋېلىپ، باشقا بىر ئادۋوكات تېپىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئاجرىشىش توغرۇلۇق قايتىدىن ئەرز سۇندى.

2008 - يىل 17 - يانۋار ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق جياڭ تىڭ شىياۋ شياڭغا تېلېفون بېرىپ ئالاقىلىشەلمەي، ئۇنى بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ شىياۋ شياڭنىڭ ئۆزىنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەقسەتلىك يېقىنلاشقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

19 - يانۋار ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئادۋوكات «گۇۋاھچى» ۋاڭ شياۋۋۇ ئارقىلىق جياڭ تىڭنىڭ ئاشنىسى



شىياۋ شياڭنى ئىزدەپ تاپتى. شىياۋ شياڭنىڭ باشقا 3 - شەخسلەردەك دېلودىن ئۆزىنى قاچۇرماي، دەلىل - ئىسپات يىغىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ماسلاشقانلىقى، ئۇن - سىن ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ھەمدە سوتتا گۇۋاھچى بولۇشقا قوشۇلغانلىقى ئادۋوكاتنى ھەيران قالدۇردى.

ئادۋوكات شىياۋ شياڭنىڭ ياردىمىدە شىياۋ شياڭ بىلەن جياڭ تىڭنىڭ مېھمانخانىدىن ياتاق ئاچقۇزغانلىقى ھەققىدىكى سىنئالغۇ لېنتىسى، ئىككىيلەننىڭ تېلېفونلىشىش خاتىرىسى، يانفونىدا يوللاشقان ئۇچۇرلىرى قاتارلىق دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشتى.

ئادۋوكات دەلىل - ئىسپاتلارنى تولۇق تەييارلاپ بولۇپ، ئىشەنچ بىلەن سوتقا ئەرز سۇندى. ۋۇ شياۋجېڭمۇ ئاشىنىسىنى باشلاپ كېلىپ ۋاڭ شياۋۋۇنى مېھمان قىلدى ھەمدە ئىش پۈتكەندىن كېيىن ۋاڭ شياۋۋۇ بىلەن شىياۋ شياڭنى ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شىياۋ شياڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇلايىم، سەمىمىي بىر ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان زەربىسىنىڭ سالمىقىنى ئويلاپ، زادى قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، بېشى قېتىشقا باشلىدى.

### گۇۋاھچى ئاخىر ۋىجدان سورىقىغا باش ئەگدى

2008 - يىل 19 - مارت ۋۇ شياۋجېڭ ئائىلى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. شۇ كۈنى كەچتە ۋۇ شياۋجېڭ ۋاڭ شياۋۋۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. شىياۋ شياڭمۇ زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەتتە ۋۇ شياۋجېڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇردى ھەمدە شىياۋ شياڭغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ۋۇ شياۋجېڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارغان بىر ئەرگە ئىنتايىن

ياخشى مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ، ئىش پۇتكەندە ئوبدان رازى قىلمەن دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلدى.

— شياۋ شياڭ مېنىڭ ئەڭ قابىل خىزمەتچىم. بۇ قېتىم ئۇ سىزگە چوڭ ياردەم قىلدى، ئىش پۇتكەندە ئوبدان تارتۇقلاپ قويارسىز، — دېدى ۋاڭ شياۋۋۇ شياۋ شياڭنىڭ گەپ - سۆز قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— تارتۇقلاشتىن غەم قىلماڭ، مال - مۈلۈك مېنىڭ قولۇمغا ئۆتىدىغانلا بولسا، قانچە خەجلىگەنگە تۈگىمەيدۇ، — دېدى ۋۇ شياۋجېڭ.

شياۋ شياڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى، بۇ مال - مۈلۈكنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ جياڭ تىڭنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەنلىكى، ئەگەر ئىش ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە بولۇشسە، جياڭ تىڭنىڭ مىليونىر ئائىلىدىن ھېچنېمىسى يوق تۇل ئايالغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى، بىراق ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭماقتىن باشقا چېكىنىش يولى قالمىغاندەك ھېس قىلدى. 2008 - يىل ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى شياۋ شياڭ بىر قىزنى باشلاپ مەلۇم بىر ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرىپ، جياڭ تىڭنىڭ بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جياڭ تىڭنىڭ دوستى شياۋ شياڭنىڭ باشقا بىر قىزنى يېتىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەت بىر ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— جياڭ تىڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شياۋ شياڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— باشقا بىر قىز تېپىۋالغانغىمۇ تېلېفون نومۇرىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن بارمۇ؟ جياڭ تىڭ تېخى سىزنى بىرەر پېشكەللىككە يولۇقتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ھازىرغىچە ئىز - دېرىكىڭىزنى قىلىۋاتىدۇ. سىز خىيالىڭىزدا يوق، باشقا قىز بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپسىز، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

شۇ كۈنى كەچتە شياۋ شياڭ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە كۆيۈنگەن، ھەر قانداق ئىشىغا ياردەم بېرىمەن دېگەن، ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرگەن، گۇناھسىز بىر ئايالنىڭ ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شياۋ شياڭ جياڭ تىڭغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سورىدى.

— ئاڭلىسام يېڭىدىن بىر قىزنى تېپىۋاپسىز، ئۇ قىز بەك چىرايلىقمىش، ۋاقتىڭىز بولسا كۆرۈشەيلى، سىزگە بىر سوۋغا تەييارلاپ قويغانىدىم، — دېدى مەيۈسلىنىپ.

ئۇلار كەچتە ئۇچراشتى. جياڭ تىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ گۈزەل تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا يولۇقسا، تارتىنماي ئېيتىشى كېرەكلىكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق يېقىن دوست بولۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋېتىپ، قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بىر دانە سائەتنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— بىز ئايرىلىشقىلى بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، سىزگە بىرەر سوۋغا بېرىپ باقماپتىمەن، — دېدى.

شياۋ شياڭ دەماللىققا سوۋغاتنى ئېلىش - ئالماسلىقنى بىلەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇ مەقسەتلىك ھالدا جياڭ تىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ تېخى قىممەت باھالىق سائەت سوۋغا قىلسا، قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن! ئۇ جياڭ تىڭ بىلەن ئەمدى يەنە ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرمەيدۇ - دە. ئەگەر ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، قىلچە ئىككىلەنمەي سوۋغاتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ يوسۇندا جاۋاب قايتۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سودا قىلغان بولاتتى.

شياۋ شياڭ گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي جياڭ تىڭدىن ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق كېتىپ بارغانلىقىنى سورىدى. جياڭ تىڭ ئۇلارنىڭ يېقىندا توي قىلغان مەزگىلدە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكى، ۋۇ شياۋجېڭنىڭ ئۆيىمۇ يوق ئىكەنلىكى، بىرلىكتە تىرىشىش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقانلىقى، ئەمدىلىكتە ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.



— سىز ئېرىڭىزدىن نېمە ئۈچۈن سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ باشقا بىرەر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدىمۇ - يە؟ — دەپ سورىدى شياۋ شياڭ.

— ئۇ ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلالمايدۇ. بىزنىڭ پۇلىمىزنىڭ كۆپ قىسمى شىركەتنىڭ ھېساباتىدا تۇرسا، ئېلىۋالىمەن دېيىمۇ ئېلىۋالالمايدۇ. مەنمۇ ئۇنى سىرتتا ئاشنا تۇتۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان، ئاشنا تۇتۇۋالسا تۇتۇۋالامدۇ، ئۇ ئىشلاردىن ھامىنى بىر كۈنى زېرىكىدۇ، — دېدى جياڭ تىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ.

جياڭ تىڭ گەپ ئارىلىقىدا يانفونىدىكى قىزىنىڭ سۈرىتىنى شياۋ شياڭغا كۆرسىتىپ، قىزىنىڭ توققۇز ياشقا كىرگەنلىكى، ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلدىغانلىقى، ئۇنىڭ تېخى مەكتەپتە ياخشى ئوقۇسام دادام بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، دەپ تىرىشىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئىنتايىن پەرىشان بولدى. شياۋ شياڭ جياڭ تىڭ بەرگەن سائەتنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— مېنى كېيىن يەنە يېپىشىۋالىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايمەن، — دېدى جياڭ تىڭ ئۇنىڭغا.



شياۋ شياڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. شياۋ شياڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى. ئەگەر سوتتا گۇۋاھچى بولغىلى ئۇنىمىسا، «كەسىپ» قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ «كەسىپ» نىڭ نېنىنى يېيەلمەسلىكى، ۋاڭ شياۋۋۇنىڭمۇ ئېغىر جازاسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە كېلىپ، ئىلگىرى ئەقلىي ئەمگەك ياكى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىن نورمال يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ جېنىنى بېقىشقىمۇ كۆزى يەتمىدى.

شياۋ شياڭ ئاخىر ۋىجدان سورىقىغا جاۋاب بېرەلمەي، تۇيۇق يولدىن قايتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ 2 - ئاپرېل جياڭ تىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم بارغان مېھمانخانىغا بېرىپ، مېھمانخانا خوجايىنىدىن ئۇلارنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار كىرگەن - چىققاندا ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. مېھمانخانا خوجايىنى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

27 - ئاپرېل كەچتە ۋۇ شياۋجېڭ، جياڭ تىڭ ۋە شياۋ شياڭلار 30 - ئاپرېل سوتتا قاتنىشىش توغرۇلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە شياۋ شياڭ زادىلا ئۇخلىيالماي، سائەت 11 دە جياڭ تىڭغا تېلېفون بېرىپ، كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. جياڭ تىڭ دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— سىز دەل ۋاقتىدا تېلېفون بەردىڭىز. ئېرىم ئاجرىشىمەن دەپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغانىكەن، 30 - ئاپرېل سوت ئېچىلىدىكەن. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتىم، — دېدى ئۇ شياۋ شياڭغا.

— ئەگەر سوتتا ئېرىڭىز ئۇتۇپ چىقسا، بارلىق مال - مۈلكىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز، قىزىڭىزمۇ ئېرىڭىزغا بۇيرۇلۇشى مۇمكىن. راستتىنلا شۇنداق بولسا، قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى شياۋ شياڭ.

— ئەگەر راستتىنلا شۇ كۈنگە قالسام، بۇ دۇنيادا يەنە ياشايمەن دەپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى جياڭ تىڭ.

— جياڭ تىڭ، سىز ياخشى ئايال، مەيلى نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر سىزگە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى شياۋ شياڭ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

جياڭ تىڭ ئۇنىڭغا بەك باش قاتۇرۇپ كەتمەسلىكنى،

ئۇنچىۋالا ئېغىر ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا شياۋ شياڭنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى.

2008 ـ يىل 30 ـ ئاپرېل ئادۋوكات، ۋۇ شياۋجېك ئەر ـ خوتۇن ۋە شياۋ شياڭلار سوت مەيدانىغا كەلدى. جياڭ تىڭ شياۋ شياڭنىڭ گۇۋاھچى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شياۋ شياڭ ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالماي، يەرگە قارىۋالدى. سوتتا ئادۋوكات ۋۇ شياۋجېڭغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، جياڭ تىڭنىڭ يولدىن چىققانلىقى توغرۇلۇق شياۋ شياڭدىن ئالغان ئاغزاكى پاكىتلىرى ۋە پاراڭلىشىش خاتىرىلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتى. جياڭ تىڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئىختىيارسىز تارام ـ تارام ياش تۆكتى. بىر دەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، سۆزلەش نۆۋىتى شياۋ شياڭغا كەلدى.

ــ جياڭ تىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقىنىمىز يالغان! ئىلگىرى ئادۋوكاتقا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى خوجايىنىم ۋاڭ شياۋۋۇ بىلەن ۋۇ شياۋجېڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغانىدى، ــ دېدى ئۇ ـ تىنىمسىز سۆكۈتتە تۇرغان شياۋ شياڭ ئويلىمىغان يەردىن.

ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا گۇۋاھلىق سۆزلىرىدىن يېنىۋېلىشى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. ئادۋوكات قانۇنىي تەرتىپ بويىچە دەۋاگەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەق مەيداندىلا ئىككى مېھمانخانىغا تېلېفون بېرىپ، جياڭ تىڭ بىلەن شياۋ شياڭنىڭ كىرگەن ـ چىققاندا ئىشلەتكەن سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ھەر ئىككى مېھمانخانىدىكىلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئادۋوكات گۇۋاھچى يۈز ئۆرۈپ تۇرۇۋالسا، سوتتا ئۇتتۇرۇپ چىقىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

سوتچىلار ئادۋوكات تەمىنلىگەن ئىسپاتلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ تېلېفوندا يوللاشقان ئۇچۇر خاتىرىسىنىڭ پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىغىلا ئىسپات بولالايدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئىككى تەرەپنى ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شياۋ شياڭ يەنە ۋاڭ شياۋۋۇ بىلەن ۋۇ شياۋجېڭنىڭ دەلىل ـ ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىرىش مەقسىتىدە ئۆزىنى جياڭ تىڭغا مەقسەتلىك يېقىنلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتتى.



سوت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋۇ شياۋجېڭ بىلەن جياڭ تىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاتتىق سوقۇشتى. جياڭ تىڭ ۋۇ شياۋجېڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قېلىشىغا كۆزى يەتمەي، رەسمىي يوسۇندا ئايرىلىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە شياۋ شياڭغا تېلېفون بېرىپ، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، لېكىن شياۋ شياڭ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىش قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئارتۇق گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

2008 ـ يىل 22 ـ ئاۋغۇست مەزكۇر دېلوغا ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى چىقىرىلدى. سوتچىلار ۋۇ شياۋجېڭ تەمىنلىگەن ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسىنى كۈچكە ئىگە ئەمەس دەپ قارىدى. ۋۇ شياۋجېڭ 1 ـ قېتىم ئەرز سۇنۇپ ئالتە ئايغىچە مەزكۇر دېلودا يېڭى ئەھۋال كۆرۈلمىگەچكە، سوتچىلار دېلونى قايتۇردى، بىراق ۋۇ شياۋجېڭنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ، باشقا بىر ئەرنى ئۆزىنىڭ ئايالىنى يولدىن چىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتەك پەسكەش قىلمىشى ناھايىتى تېزلا كەڭ تارقىلىپ، ھەممەيلەننىڭ كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىدى.

2009 ـ يىل ئېيۇلدا ئۇلار بىر يىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، مال ـ مۈلۈكنى تەڭ تەقسىم قىلىشتى، قىزى جياڭ تىڭغا تەۋە بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر دېلو ئاخىرلاشتى.

**غېنى تاھىر** تەرجىمىسى

# زوراۋانلىق ياراتقان «رىۋايەت»

## مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جىنايەتلىرى

تىم ۋېينېر



(بېشى ئۆتكەن ساندا)

1953 ـ يىلى روژدېستۋا بايرىمىدىن كېيىن، پولكوۋنىڭ خانىنى ئولتۇرغان «كادىللاك» ماركىلىق ئاپتوموبىل فلورىدا ئىشتاتىنىڭ ئوپاروكادىكى كونا ھاۋا ئارمىيەسى بازىسىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ سازلىق يېنىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۈچ گازارما ئۆيگە تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

پولكوۋنىڭ خانىنى 39 ياشتا بولۇپ، يېقىندىلا تېخى ئاجرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ 6.2 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان بوي بەستىگە ھەربىي فورما تولىمۇ يارىشاتتى. ئۇ ئايلون دۇلىس يېڭىدىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن «ئۇتۇقلۇق ھەرىكەت» نىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ئىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ «ئۇتۇقلۇق ھەرىكەت» پىلانى گۋاتېمالا ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغانىدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشنى پىلانلاپ، زۇڭتۇڭ ياقۇپ ئاربېنسنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئويلىغىلى ئۈچ يىل بولدى. ھاياجانغا چۆمگەن ئايلۇن دۇلىس ئىراندىن زەپەر ئۇچۇپ قايتىپ كەلگەن روزۋېلتقا ئوتتۇرا ئامېرىكا ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما روزۋېلت ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىۋەتتى. ئۇ ئەتراپلىق سۈرۈشتۈرۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى قارا قويۇق ئىش قىلىۋاتىدۇ دەپ ھېسابلىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ گۋاتېمالادا ئاخبارات خادىمى يوق بولۇپ، مەزكۇر دۆلەت ئارمىيە ۋە خەلقىنىڭ ئوي ـ پىكرىدىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى. ئارمىيە ئاربېنسقا سادىقمىدۇ؟ بۇ خىل سادىقلىقنى بۇزغىلى بولامدۇ؟ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بۇ سوئاللارغا ئالدىراپ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

خانىنى بۇيرۇق بويىچە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تاللاپ بېكىتكەن گۋاتېمالانىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان پولكوۋنىكى كاروس ئاماسقا ھوقۇق بېرىش پىلانىنى تۈزدى، ئەمما ئۇنىڭ تەدبىرى بەكلا ئاددىي بولۇپ، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئارمىيەسىنى قوراللاندۇرۇپ ۋە مەشقلەندۇرۇپ، گۋاتېمالا زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنى ئىگىلىسىلا بولىدۇ، دېدى. ۋىيىسنا بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى گوۋۇيۈەنگە يوللاپ، گېنېرال سمىتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق يىگى باش ئەلچى قوشۇننى ئەۋەتىپ، ھەرىكەت تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلەش تەكلىپىنى بەردى.

### گۋاتېمالادا كالتەك ئويناتماق

يېنىدا دائىم تاپانچا ئېلىپ يۈرىدىغان جېك پىرىفۇئى

1950 ـ يىلى سول قانات ۋە لىبېراللارنى گوۋۋىۋۇىندىن
قوغلاپ چىقارغانلىقتىن نام چىقارغان. دەسلەپتە 1951 ـ
يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە گرېتسىيەدە تۇرۇشلۇق باش
ئەلچى بولغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدا-
رىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئافىنادىكى
مەخپىي ھوقۇق تونېلىنى ئاچقانىدى. ئۇ گۋاتېمالاغا بېرىشى
بىلەنلا ۋاشىنگتونغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ گۋاتې-
مالاغا زوراۋانلىق قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئابېنس
بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ۋاشىنگتونغا يەنە بىر قېتىم
تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «مەن شۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىمەنكى،
زۇڭتوڭ ئابېنس ھازىر كوممۇنىست بولمىغان تەقدىردىمۇ،
كوممۇنىستلار پەيدالا بولىدىكەن، ئۇ كوممۇنىستقا ئايلانماي
قالمايدۇ» دېدى.

سمىت ۋايتىن ۋىلاۋرنى ھوندۇراستا تۇرۇشلۇق باش
ئەلچى قىلىپ تاللىدى. ئۇ «خەلق ئاۋىياتسىيە» سىنىڭ بەر-
پاچىسى ئىدى. ۋىلاۋر خەلق ئاۋىياتسىيەسى شىركىتىنىڭ
تەيۋەندىكى باش ئىشتابىدىن ئۇچقۇچىلارنى تاللاپ، ئۇلارغا
مىئامى ۋە ھاۋاناغا يوشۇرۇنچە بېرىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇ-
رۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇنىڭدىن سىرت نى-
كاراگۇئادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى توماس خوران نىكاراگۇئا
مۇستەبىتى ئاناستاسئو سوموچا بىلەن ھەمكارلاشتى. بۇ
ئادەم مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە ھەمكارلىشىپ، ئاماس
ئۈچۈن مەشىق مەركىزى قۇردى.

1953 ـ يىل 9 ـ دېكابىر ئايلۇن دۆلىس «ئۇتۇقلۇق
ھەرىكەت» پىلانىنى رەسمىي تەستىقلىدى ھەمدە 3 مىليون
ئامېرىكا دوللىرى خىراجەت ئاجراتتى. ئۇ خانىنىنى نەق
مەيدان قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى، تېرېشى بائېنسنى سى-
ياسىي ئۇرۇش مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى.

دۆلىس مۇتىۋەر جاسۇسلارنىڭ رومانتىك قارىشىغا ئى-
شىنەتتى، بائېنس بولسا ئۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. ئالىي
تەربىيە كۆرگەن بائېنس گرودۇن ئوتتۇرا مەكتىپى، يالىي
ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خارۋت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بو-
لۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى مەركىزىي ئاخ-
بارات ئىدارىسىنىڭ ئەڭ تىپىك تەرجىمھالى ئىدى. 2 ـ
دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى-
نىڭ قەھرىمانى بولۇپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى تىزگىنلىگەن
رايوننى ئالغانلىقى ئۈچۈن «كۈمۈش يۇلتۇز» ئوردېنىغا ئې-
رىشكەن، ئەمما ئۇ بىر قېتىم موللاق ئاتقاندىن كېيىن، جا-
سارىتى، مەغرۇر سالاپىتى شۇنىڭ بىلەن تەڭ يوقىلىپ،

مەخپىي ئورگاندىكى ئەڭ نەس باسقان ئادەمنىڭ بىرى بو-
لۇپ قالغانىدى.

خېرمۇس ئەسلەپ مۇنداق دېدى: بائېنس مەيلى قان-
چىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر، چەت ئەل
تىلى ئۆگىنىپ بولالمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش مەخپىي
خىزمەتنىڭ ئېپىنى تېپىپ بولالمايدۇ، تېخىمۇ يامان بولغى-
نى، ئايلۇن دۆلىس ئۇنى ماختاۋەرگەچكە، ئۇ كەمچىلىكىنى
بايقىيالماي قالدى. ئۇ ئالدى ـ كەينى بولۇپ، گېرمانىيە ۋە
ئەنگلىيە خىزمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغانىدى.

1954 ـ يىل 29 ـ يانۋار بائېنس ۋە ئاماس ئوپاروكاغا
بېرىپ، پولكوۋنىك خانىنى بىلەن چوڭ پىلان ئۈستىدە
مۇزاكىرىلەشتى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ ئەتىسى ئويغىنىپلا،
پىلاننىڭ پۈتۈنلەي سۇغا چىلاشقانلىقىنى بايقىدى. غەربىي
يېرىم شاردىكى ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەر ئابېنس ئامۇس
رەھبەرلىك قىلغان شىمالىي ھۆكۈمەت بىلەن نىكاراگۇئا
زۇڭتوڭى سوموچانىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئارمىيەسى
بىرلىشىپ، «ئەكسىلئىنقىلاب» قوزغىماقچى دەپ خەۋەر
بەردى. پولكوۋنىك خانىنى بىلەن ئامۇس ئوتتۇرىسىدا ئالاقە
ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئەمەلدا-
رى مەخپىي تېلېگرامما بىلەن ھۆججەتنى گۋاتېمالا شەھە-
رىدىكى بىر مېھمانسارايىنىڭ ھوجرىسىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى.

بۇ قېتىملىق كىرىزىس خانىنى مەركىزىي ئاخبارات
ئىدارىسى ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچسىز ئادەمنىڭ بىرى قىلىپ
قويدى. ئۇ گۋاتېمالانىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش توغرىسىدى-
كى خەۋەرگە بولغان دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن، يەرلىك
ئاخبارات ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يالغان خەۋەر ئېلان
قىلدى. ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باش شتابىغا
مۇنداق دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى: «ئۇچار تەخسە كۆرۈلدى،
مەلۇم چەت رايوندا بىر ئايال ئالتە كېزەك تۇغۇپتۇ، دېگەن-
دەك كىشىلەر قىزىقىدىغان چوڭ خەۋەرنى ئامال بار ئويدۇ-
رۇپ يېزىڭلار». ئۇ بارلىق كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان ھەربىيلەرنى ستالىنغا چوقۇنىدىغان يېڭى دىنىي جەم-
ئىيەتكە قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ-
ئاستى پاراخوتى ئارقىلىق گۋاتېمالاغا قورال ـ ياراغ يۆتكەپ
بەردى، دېگەندەك يالغان خەۋەرلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى.
ئاخىر بۇ چارە بائېنسنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىدى. ئۈچ
ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خا-
دىملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال ـ يارىغىنى نىكارا-

گۇئا دېگىز ساھىلىغا يوشۇرۇپ قويۇشقا ئەۋەتتى، ئاندىن يالغان خەۋەر ئويدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىنىڭ گۋاتېمالادا قوراللىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەترىتى بار دېدى، ئەمما ئاخبارات ساھەسى ۋە ئادەتتىكى ئاما بائېنىس تارقاتقان خەۋەرگە ئىشىنىپ كەتمىدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى نىزامنامىسىدە مەخپىي ھەرىكەتنى ئىجرا قىلىۋاتقان خادىم جەزمەن سەزگۈر بولۇشى كېرەك، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ پەردە ئارقىسىدىكى قارا قولنى بىلدۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما ۋىيېسنا بۇنداق بەلگىلىمىلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇ دۆلسقا: «خىزمەتنى تەلتۆكۈس ياخشى ئىشلەيمەن دەيدىكەنسىز، نۇرغۇن لاتىن ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىنىڭ بۇ قولىنى كۆرمەي قالمايدۇ. بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.» دېدى. ئەمما «ئۇتۇق قازىنىش پىلانى» ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ قارا قولنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بۇ خىلدىكى ھەرىكەت مەيلى قانچىلىك چوڭ تەسىر قوزغىسۇن ياكى قانچىلىك پايدىلىق بولسۇن، ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى. ۋىيېسنا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىقرار قىلمىسىلا، ئامېرىكا خەلقى بىلمىسىلا، مانا بۇ مەخپىي ھەرىكەت، دېدى.

ۋىيېسنا پولكوۋنىك خاننىنى باش ئىشتابقا چاقىرتىپ: «بۇ قېتىملىق ھەرىكەت ھەرقانداق ھەرىكەتتىن مۇھىم، ھەرقانداق ھەرىكەت بۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە ئوخشاش ئىدارىمىزنى نام ـ شۆھرەتكە ئىگە قىلالمايدۇ» دېدى. ئەمما باش ئىدارە ئىزچىل ھالدا ئېنىق بولغان ھەرىكەت پىلانى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالمىدى. پولكوۋنىك خاننى تۈزگەن پىلان بىر پارچە قالايمىقان ۋاقىت جەدۋىلى ئىدى، بۇ 40 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان كالا خۇرۇمى قەغىزىگە سىزىلىپ، ئوپالوكا گازارمىسىدىكى تامغا مىخلاپ قويۇلدى. ئۇ ۋىيېسناغا چۈشەندۈرۈپ: ئوپاروكا پىلان خەرىتىسىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىلا، خىزمەت تەپسىلاتىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېدى.

رىچارد بىسىر ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ۋىيېسنانىڭ خاننىنىڭ ھۆكۈمىگە ۋە ئۆزىگە ئىشەنچى قالمىدى». بىسىرۇ گرودۇن ۋە ياللې ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ، «مارشال پىلانى ئەپەندىسى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشكەن، ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىغا كىرگەندە، «مەن دۆلسقا شاگىرتلىققا كىرىش توختامى تۈزدۈم، ئۇ زور ۋەزىپىلەرنى ماڭا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى. دۆلس ئۇنى كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان «ئۇتۇق قازىنىش پىلانى»نىڭ ئارقا سەپ مەسئۇلى قىلدى.

بىسىر بىلەن بائېنىس ئايرىم ـ ئايرىم دۆلس باشقۇرۇۋاتقان مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىكى ئىدراك بىلەن ھېسسىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىككىلىسىنىڭلا مەخپىي ھەرىكەت تەجرىبىسى يوق، ئەمما دۆلس ئۇلارنى خاننىڭ ئوپاروكادا نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقالايدۇ، دەپ قارايتتى.

بىسىر ئۆزى بىلەن بائېنىسنىڭ جايىدا جىم ئولتۇرالمايدىغان پولكوۋنىك خاننىنى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «خاننى قابىلىيەتلىك ھەم بۇ ھەرىكەتكە مۇۋاپىق. مېنىڭچە، خاننى مۇۋاپىق نامزات، چۈنكى بۇ خىل ھەرىكەتكە مەسئۇل بولغان ئادەم پائالىيەتچى ھەم كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك. بائېنىسمۇ خاننىنى ياقتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ خاننىنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ماقۇل كۆرىدۇ. خاننىنىڭ خىزمىتى ھەقىقەتەنمۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، شۇڭا چوشقا قولتۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەييارلىق قىلىش مەزگىلىدە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش پىلان ئىشخانىسىدىن بىرنى تەسىس قىلدىم».

## بىز تېررورلۇق قىلىشىمىز كېرەك

جاسارەتلىك، ئەمما ئىقتىدارسىز ئاماس ھەم ئۇنىڭ ئاجىز قارشىلىق كۆرسىتىش ئارمىيەسى خاننىڭ قول ئاستىدىكى خادىم، يەنى چاۋشيەندىكى بىرقانچە قېتىملىق ھوجۇم قىلىش ۋەقەسىنىڭ مەسئۇلى رىپ روبېتسوننىڭ نازارەتچىلىكىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھۇجۇم سىگنالىنى سۈكۈت ئىچىدە ساقلىدى.

ئاماس ۋە ئۇنىڭ ساناقلىقلا نەچچە يۈز قارشىلىق كۆرسىتىش ئارمىيەسى گۋاتېمالانىڭ 5000 كىشىلىك ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلسا، قانداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھەرقانداق كىشى بىلمەيتتى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ياردەم قىلغان گۋاتېمالا شەھىرىدە كوممۇنىزمغا قارشى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئارانلا نەچچە يۈز ئەزاسى بولسىمۇ، ۋىيېسناغا نىسبەتەن ئۇلار «مۇشتۇمزورلار»نىڭ رولىنى ئوينىدى. ۋىيېسنا شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپكە بىردەك قول سېلىپ، ئابېنىسقا قارشى ئۇرۇش سېپىنىڭ ئىككىنچى لىنىيەسىنى ئاچتى. ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسـ



نىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر خادىملىرىدىن بولغان گېرمانىيە خىزمەت پونكىتىنىڭ مۇدىرى خېكشنى گۋاتېمالا شەھىرىگە بېرىپ، ئالىي ئوفىتسېرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى. خېكش ھەرئايدا يۆتكەپ ئىشلىتىۋالىدىغان پارا بېرىشكە ئىشلىتىدىغان پۇل 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتەتتى، شۇڭا ئۇ ئابېنس ئىچكى كابىنېتى ئىچىدىكى پەرۋاسىز ئەمەلدارلارنى سېتىۋالدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئامېرىكىنىڭ قورال يۆتكەشنى چەكلەش ۋە تاجاۋۇز تەھدىتىنىڭ قوش بېسىمى ئاستىدا پارچىلانغان ئوفىتسېرلارغا پۇل چېچىپ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، خېرش ئامېرىكا ھۇجۇم قىلغاندىلا، گۋاتېمالا ئارمىيەسى ئابېنسنى يۈرەكلىك ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ، دەپ قارىدى. خېرش خانىغا خەت ئەۋەتىپ، غەلىبە قىلىشتا جەزمەن قورال كۈچىگە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنى ئامېرىكا ئىشنى گۋاتېمالا پايتەختىنى بومباردىمان قىلىشتىن باشلىماقچى بولدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باش ئىشتابى خانىغا بەش بەتلىك 58 ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش تىزىملىكىنى يەتكۈزۈپ بەردى. قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ھەممىسىنى ۋېيسنا ۋە بائېنس تەستىقلىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنىزمغا مايىل «ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىرى» ھەمدە ئارمىيە ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلغان ئاز ساندىكى زاتلارمۇ بار ئىدى. ئاماس قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ گۋاتېمالا شەھىرىگە ئوغۇشلۇق يېتىپ بېرىش مەزگىلىدە ياكى يېتىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئىجرا قىلىشقا قوشۇلدى.

ئايلون دۇلس ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدە «ئۇتۇق قازىنىش پىلانى» توغرىسىدا نۇرغۇن ئەپسانىۋى خەۋەرلەرنى تارقىتىپ، ئاخىرقى غەلىبە زوراۋانلىق ئۇسۇلىدىن قولغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى جاسۇسلۇق ھەرىكەتكە تايىنىپ قولغا كەلگەن، دېدى. دۆلس بېنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدى: شىمالىي پولشانىڭ دېڭىز ساھىلى شەھىرى شچېتسىندىكى قۇششۇناس سىياقىغا كىرىۋالغان ئامېرىكا ئالاھىدە خادىمى دورىبۇندا ئارفخېن ناملىق يۈك پاراخوتىدا چېخىيە ياسىغان قورال - ياراغلارنىڭ ئابېنس ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پارىژدىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى سودىگىرى سىياقىدىكى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمىغا: «تەگرىم، تەگرىم، نېمە ئۈچۈن مېنى شۇنچە تېز تاشلىۋېتىسەن» دەپ شىفىرلىق خەت يازدى. ئاندىن بۇ شىفىرلىق خەتنى ۋاشىنگتونغا ئەۋەتتى. دۆلىسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ يەنە بىر خادىمى بۇ پاراخوت بورودى دېڭىزى بىلەن شىمالىي دېڭىزدىكى كىر دېڭىز بوغۇزىدا توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ مالنى يوشۇرۇن تەكشۈردى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ياۋروپادىن گۋاتېمالاغا يولغا ئالغان بۇ پاراخوتتا قورال - ياراغ توشۇلغانلىقىنى بىلدى. كېيىن بۇ قالتىس ھەم تەگداشسىز پاراك نۇرغۇن تارىخىي كىتابقا كىرگۈزۈلدى، نومۇسسىز يالغان گەپنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى يوشۇردى. ئەمەلىيەتتە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بۇ پاراخوتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغانىدى.

ئابېنس ئامېرىكىنىڭ قورال توشۇشنى چەكلىشىنى بىكار قىلىشقا ئالدىرىدى. ئۇ ئارمىيەگە قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ بەرسىلا، ئۇلارنىڭ سادىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. شخېش ئىلگىرى دوكلات سۇنۇپ، گۋاتېمالا بانكىسى چېخىيەدىكى ئامبارغا قورال - ياراغ يۆتكەش ئۈچۈن، شۋېتسارىيە بانكىسىدىن 4 مىليون 860 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يۆتكىدى، دېدى. ئەمما، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئالدىراپ - تېنەپ تۆت ھەپتە تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى تاپالمىدى. ئارفخېن گۋاتېمالادىكى مالابارىئوس پورتىغا باردى. ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى پاراخوت بۆلۈمچىسىدىكى ساندۇقنى ئاچقاندىن كېيىن، ئىچىدە مىلتىق، پىلىموت، گىرانات ۋە باشقا قورالنىڭ بارلىقىنى كۆردى. ئەمما، قورال - ياراغنىڭ كۆپىنچىسى چىرىپ كەتكەن بولۇپ، كىرەكسىز تۆمۈر - تەرسەككە ئايلانغان، بىر قىسىم قورالدا تېخى ناتسىستلارنىڭ بەلگىسى بار ئىدى. بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولدى. ئامېرىكا بۇ تۈركۈم قورال - ياراغنىڭ سانى

ۋە ھەربىي ئەھمىيىتىنى قەستەن كۆپتۈرۈپ كۆرسەتتى.
دۆلەت كاتىپى روزۋېلت، دۇلس ۋە گوۋۋېيۇەن گۋاتېمالا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي يېرىم شارنى ئاغدۇرىدىغان
سۇيىقەستىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى بولۇپ قالدى، دېدى.
كەلگۈسىدىكى ئاۋام پالاتانىڭ باشلىقى جون مايماكمۇ بۇ
قورال ئامېرىكىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئاتوم بومبىسى بو-
لۇپ قالدى، دېدى.

باش ئەلچى پىروفى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆت-
كەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ 21 ـ ماي ۋېيىسنىغا تېلېگراما ئەۋە-
تىپ، ھەربىي كۈچ بىلەن ئارىلىشىشتىن باشقا ھەرقانداق
ئىش بىكار دەيدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقئارا
قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، دېڭىز ئارمىيە ھەربىي پاراخوتى
ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن گۋاتېمالانى قامال قىلدى.

26 ـ ماي مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر ئايرو-
پىلانى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدىن ئۆتۈپ، گۋاتېمالادىكى
زۇڭتۇڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭ باش ئىشتابىغا تەشۋىقات
قەغىزى تاشلىدى. تەشۋىقات قەغىزىدە «كوممۇنىزمغا، ئور-
تاق قارشى تۇرايلى، ئاماس بىلەن بىرنىيەتتە كۈرەش
قىلايلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. بۇ قارىماققا كىشىنى
قانائەتلەندۈرىدىغان ھۇجۇم ئىدى. بائېنس خانىمغا: «مې-
نىڭچە، تەشۋىقات قەغىزى نېمىلا دېگەن بىلەن مۇھىم
ئەمەس» دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. بۇ قېتىم-
لىق ھەرىكەتكە مەسئۇل بولغان مەركىزىي ئاخبارات ئىدا-
رىسىنىڭ ئەمەلدارى خورخۋاد خېنت: «بىز تېررورلۇق ئۇ-
رۇشى قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ
دەسلىپىدە گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن
گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە پولشالىقلارنى قورقۇتقانغا ئوخشاش
ئابېنسنى ۋە ئۇنىڭ ئارمىيەسىنى قورقۇتۇشىمىز كېرەك»
دېدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى 1954 ـ يىل 1 ـ ماي-
دىن باشلاپ، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەكلىپ قىلغان
ھەۋەسكار ئارتىسلار ھەمدە تىياتىر يازغۇچىسى داۋى فى-
لىپسىنىڭ يەر ئاستى رادىيو ئىستانسىسى ـــ «ئازادلىق ئاۋا-
زى» دىن پايدىلىنىپ، گۋاتېمالاغا تۆت ھەپتىدىن ئارتۇق
پىسخىكا ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. گۋاتېمالا دۆلەت ئىگى-
لىكىدىكى رادىيو ئىستانسىسى مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئانتېنا
ئالماشتۇرۇش سەۋەبىدىن ئاڭلىتىشتىن توختاتتى. فىلىپس
دۆلەت رادىيوسىنى ئاڭلايدىغان كىشىلەرنىڭ مەركىزىي
ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ رادىيوسىنى ئاڭلىشى ئۈچۈن رادىيو
دولقۇنىنى ئۇلارنىڭ قانىلىنىڭ يېنىغا تەڭشىدى. بۇ رادىيو
ئىستانسىسى زوراۋانلىق، تەسلىمچىلىك، قۇدۇق سۈيىگە زە-
ھەر تاشلاش، بالا ئەسكەر قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئويدۇرۇپ
چىقىرىلغان قىسقا دولقۇن خەۋىرىنى ئاڭلاتتى، گۋاتېمالا
ئاھالىسى ئەنسىزلىكتىن ئەسەبىيلىشىشكە ئۆتتى.

5 ـ ئىيۇن گۋاتېمالا ھاۋا ئارمىيەسىدىن چېكىنگەن
ئەمەلدار نىكاراگۇئادىكى سوموچا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى
رادىيو ئاڭلىتىش ئورنىغا باردى. فىلىپسنىڭ ئادەملىرى ئۇ-
نىڭدىن گۋاتېمالادىن قېچىپ كېتىش سەۋەبىنى سوراپ،
ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئالدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارى-
سى بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قايتىدىن تەھرىرلىگەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ گېپى ئاڭلىماققا خائىننىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە
ئوخشاپ قالدى.

## كۆلكىلىك ئويۇنغا ئوخشايدىغان قوزغىلاڭ

ئەتىسى سەھەردە ئابېنس رادىيو ئاڭلاپ، قاتتىق پارا-
كەندە بولدى. ئۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ نىشانى
بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇچقۇچىلارنىڭ ھەربىي ئۆزگىرىش
قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيەسىنى قاتتىق
تىزگىنلىدى، ئارقىدىن ئامېرىكىنىڭ سۇيىقەستىگە مۇناسى-
ۋەتلىك ئىسپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاخبارات
ئىدارىسى بىلەن قويۇق ھەمكارلاشقان كوممۇنىزمغا
قارشى ئوقۇغۇچىلار رەھبىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇر-
دى. ئۇ پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ،
نەچچە يۈز ئادەمنى قولغا ئالدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدا-
رىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىغا قاتتىق زەربە بەردى،
ئاز دېگەندىمۇ 75 ئادەم قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىپ
ئۆلتۈرۈلدى.

8 ـ ماي گۋاتېمالا خىزمەت پونكىتى ھۆكۈمەتتە ۋە-
ھىمە پەيدا بولدى دەپ تېلېگراما يوللىدى. بۇ خانىمنىڭ
كۆتكىنىدەك چىقتى. ئۇ قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا بۇيرۇق چۈ-
شۈرۈپ، «موسكۋا سىياسىي بيۇروسى باشلامچىلىقىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقى كومىسسارى، ئەمەلدارى يېتىپ باردى...
ئەسكەر چىقىرىشتىن باشقا، ھاشار تۈزۈمى ئورنىتىلدۇ، 16
ياشقا توشقان ئوغۇل، قىز ئالاھىدە گازارمىدا بىر يىل ھەر-
بىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ، سىياسىي تەربىيە قوبۇل قىلىپ،
ئائىلە ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ياشلارغا بولغان تەسىرى ئۈ-
زۈپ تاشلىنىدۇ... ئابېنس چېگرىدىن چىقىپ كەتتى،
زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە ئېلان قىلغان باياناتى ئەمەلىيەتتە
سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ ھېلىسى» دېگەن-

دەك ئىغۋا پەيدا قىلىدىغان يالغان خەۋەرلەرنى بار كۈچى بىلەن تارقاتتى.

خاننى ئۆز بېشىمچىلىك بىلەن راكېتا قويۇپ بەرگۈچ بىلەن پىلىموتنى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىدى ھەمدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇپ، گۋاتېمالا ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. ۋېيسنا خاننىغا تېلېگرامما يوللاپ، بۇ ئىش چوڭ ئىشلارغا چېتىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىشلارنى ئۆز پېتى بىجىرگەن ياخشى، دېدى. مونسان تېز ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ يەنە كومپارتىيە ۋە دۈشمەنلەرنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى. گۋاتېمالا خىزمەت پونكىتى يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بىز بومباردىمان قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلىمىز. بارلىق ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، گۋاتېمالا ئارمىيەسى ۋە پايتەختىنىڭ ھەل قىلغۇچ ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك» دېدى.

18 ـ ماي ئاماس تۆت يىلدىن ئارتۇق تەييارلىق قىلغان ھۇجۇمنى باشلىدى. ئەمما پارئوس پورتىغا ھۇجۇم قىلغان 198 كىشىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنى يەرلىك ساقچىلار ۋە پورت ئىشچىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، 122 ئادەم ساكاپاغا ئىلگىرىلەپ كىرگەندە، ئۆلتۈرۈلۈپ ياكى ئەسىرگە چۈشۈپ، ئارانلا 30 ئادەم قېچىپ كەتتى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنى سارۋادودىن يولغا چىققاندا، يەرلىك ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ئاماس 100 نەچچە ئادەمنى باشلاپ، ھوندۇراستىن يولغا چىقىپ، گۋاتېمالادىكى مۇداپىيەسى ئاجىز بولغان ئۈچ كەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چېگرا رايوندا لاگېر قۇرۇپ، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىغا ئاشلىق، خادىم ۋە قورال ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن 72 سائەت ئىچىدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يېرىمى ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئەسىرگە چۈشتى.

19 ـ ماي چۈشتىن كېيىن باش ئەلچى پىرىفى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەلچىخانىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىخەتەر خەۋەرلىشىش لىنىيەسىنى ئىشلىتىپ، ئايلىن دۇلىس بىلەن خەۋەرلىشىپ، «چاتما بومباردىمان» قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، خاننى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋېيسنا ھاڭۋېقىپ قالدى، چەت ئەل ئارمىيەسىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىر ئىش، ئامېرىكا ئۇچقۇچىسىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ پايتەختىنى بومباردىمان قىلىشى يەنە بىر ئىش بولدى.

20 ـ ماي سەھەردە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ گۋاتېمالادىكى خىزمەت پونكىتى دوكلات قىلىپ، ئابېنس ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. پايتەخت ئىنتايىن جىمجىت، دۇكانلار تاقىۋېتىلگەن، ئاما قوزغىلاڭنى كۈلكىلىك ئويۇن قاتارىدا كۆرۈپ، چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇردى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ۋېيسنا تەقدىرگە تەن بېرىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇ خاننى ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى خىزمەت پونكىتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەگەر بىز ئۇتۇق قازىنىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلگەندە ھەم بۇ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتمىسە، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بومباردىمان قىلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ... بىز ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بومباردىمان قىلغاندا، ئۇلار تەسلىم بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۈچىنى توپلاپ قارشى تۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلدۇق، دېدى.

بىسېر دۇلسقا گۋاتېمالا زۇڭتۇڭى ئابېنسنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ دېدى. بىسېر ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق يازدى: «مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باش ئىشتابىدا ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشتا ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدۇق، كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنى بىرتەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ دائىم مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز». دۇلىس ئاماسنىڭ ھاۋا ئارمىيە كۈچىگە، يەنى F–47 چاقماق ناملىق ئۈچ بومباردىمانچى ئايروپىلانغا چەك قويدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى. بىسېر ئەسلەتمىسىدە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى.

دۇلىس زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە گۋاتېمالانىڭ پايتەختىنى بومباردىمان قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 22 ـ ئىيۇن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ماي ئىسكىلاتىدا ئوت كەتتى، ئەمما ئىككى مىنۇتتا قالماي ئوت ئۆچۈرۈۋېلىندى. خاننى ئاچچىقلىنىپ: بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمدىن ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ۋە ئۈنۈمسىزلىكى بىلىندى. ھەرساھە ئاماسنىڭ ھەرىكىتىنى كۈلكىلىك ئويۇن، دەپ سۈپەتلىدى، كوممۇنىزمغا قارشى ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى جاسارەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى، دېدى. ئۇ دۇلسقا بىۋاستە تېلېگرامما

يوللاپ، دەرھال تېخىمۇ كۆپ ئايروپىلان ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

دۇلس ۋىليام بۇلىغا تېلېفون بەردى. بۇ كىشى ئامېرىكىدىكى پۇلدارلاردىن بولۇپ، «ئېيزىنخاۋېر دېموكراتلار پارتىيەسىنى قوللاش» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ھەم ئېيزىنخاۋېرنى 1952 - يىلى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. كىم مەخپىي ھەرىكەتنى قورال بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېگەندە بۇلىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. دۇلس بېرىنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە ئەۋەتتى. ئۇ ھەركۈنى «ئۇتۇق قازىنىش ھەرىكىتى» توغرىسىدا گېنېرال سمىتتىن يولىيورۇق سوراپ، ئايروپىلان كۆپەيتىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئاخىرقى پەيتتە لاتىن ئامېرىكىسى ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى دۆلەت كاتىپى خېنرى خۇران بۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرۇپ، زۇڭتۇڭ بىلەن بىللە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.

22 - ماي چۈشتىن كېيىن سائەت 2:15 تە دۇلس، خېنرى ۋە خۇران زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئېيزىنخاۋېر قارشىلىق كۆرسىتىش ئارمىيەسىنىڭ ئۇتۇق قازىنىش نىسبىتى قانچىلىك دەپ سورىغاندا، دۇلس نۆل دەپ جاۋاب بەردى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدە تېخىمۇ كۆپ ئايروپىلان ۋە بومبا بولسىچۇ دېگەندە، دۇلس 20% دەپ جاۋاب بەردى.

ئېيزىنخاۋېر بىلەن بۇلىنىڭ ئەسلەتمىسىدە بۇ قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىر نۇقتا ئوخشىمايدى. ئېيزىنخاۋېر بولىنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق، يەنى ئۇ ۋە سىياسىي مەبلەغ بىلەن تەمىنلە-



گۈچى ئوتتۇرىسىدا مەخپىي كېلىشىم بار ئىدى. بۇلى مۇنداق يازغانىدى: ئەيك قايرىلىپ ماڭا «سىز بېرىپ ئايروپىلان تېپىڭ دېگەنىدى».

بۇلى ئالدى بىلەن رىگىس بانكىسىغا تېلېفون بەردى، ئاندىن نىكاراگۇئادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باش ئەلچىسىگە تېلېفون بېرىپ، 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى نەق پۇل تەلەپ قىلدى ھەمدە نىكاراگۇئا باش ئەلچىسىنى ئېلىپ بەشبۇرجەكلىك بىناغا باردى. ئۇ پۇلنى بىر ئوفىتسېرغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن «چاقماق» ناملىق ئۈچ ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى نىكاراگۇئا ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ كۈنى كەچتە تولۇق قوراللانغان ئۇرۇش ئايروپىلانى پوئېرتو رىكودىن پاناماغا قاراپ ئۇچتى.

ئۈچ ئۇرۇش ئايروپىلانى گۋاتېمالا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇش ئابېنسنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى مۇھىم ھالقا ئىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى تۆۋەن بوشلۇقتا ئەسكەر توشۇۋاتقان پويىزنى ئوققا تۇتتى. ئۇلار ئايروپىلاندىن يەرگە بومبا، گىرانات ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبا تاشلىدى، بۇ جەرياندا ئۇلار ئامېرىكىدىكى خرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ رادىيو ئىستانسىسىنى پارتلىتىۋەتتى، ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىزى قىرغىقىغا توختىتىپ قويۇلغان ئەنگلىيە يۈك پاراخوتىنى پارتلىتىپ چۆكتۈرۈۋەتتى.

يەر يۈزى ئۇرۇشىدا ئاماس ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن رادىيو خەۋەرلىشىش ئۇسكۈنىسى ئارقىلىق مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھاۋادىن ياردەم قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلاپ ئاڭلىتىۋاتقان «ئامېرىكا ئاۋازى» ئەپچىللىك بىلەن يالغان خەۋەر تارقىتىپ، نەچچە مىڭ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنى پايتەختكە يىغدى، ئەلچىخانا ئىمارىتىنىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىلغان ئاۋاز كۈچەيتكۈچتە ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىتىلدى. ئابېنس ئامېرىكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق دەپ چۈشەندى.

25 - ماي چۈشتىن كېيىن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى گۋاتېمالادىكى ئەڭ چوڭ گازارمىنى بومباردىمان قىلىپ، ئارمىيەنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە ئابېنس ئىچكى ئىشلار يىغىنى ئېچىپ،

ئارمىيە ئىچىدە خائىنلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپ راست ئىدى، ئاز ساندىكى ئوفىتسېرلار مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ زوڭتوڭنى ئاغدۇرۇشنى قارار قىلغانىدى.

27 ـ ماي پروفۇئى سىياسىي ئۆزگىرىش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان ئادەم بىلەن كۆرۈشتى. غەلىبە قازىنىشتا ئۈمىد بولسىمۇ، ئابېنس ھوقۇقنى پولكوۋنىك كاروس دىياسقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ دەرھال ھەربىي ئىشلار ھاكىمىيەت ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، ئاماسقا قارشى تۇردى. پروفۇئى تېلېگراممىدا بىز ئالدانىدۇق دېدى. خانىي مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خىزمەت پونكىتىغا تېلېگرامما بېرىپ، دىياسنى كومپارتىيە جاسۇسى دېدى. ئىلگىرى «دەۋر ژۇرنىلى» بېرلىن شۆبىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى ئېينو خورىبىن ئەتىسى سەھەردە دىياس بىلەن سۆھبەتلەشتى. خورىبىن دىياسقا: «پولكوۋنىك، سىز ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىگە كۆپ قولايسىزلىقلارنى پەيدا قىلدىڭىز» دېدى.

ھەربىي ئىشلار ھاكىمىيەت ئۆمىكى توساتتىن گۇمران بولدى. ئۇندا تۆت قېتىم ھاكىمىيەت ئۆمىكى ئالمىشىپ، ئالماشقانلىرى ئامېرىكىغا مايىل بولدى. بۇ ۋاقىتتا پرىفۇئى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ پەردا ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋىيېنا 30 ـ ئىيۇن تېلېگرامما يوللاپ، ھازىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى چېكىنىپ، سېستىرانىڭ ياردىمىدە خەۋەر ئالىدىغان ۋاقتى كەلدى، دېدى. پرىفۇئى ئىككى ئاي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاخىر ئاماسنى زوڭتوڭ تەختىگە ئېلىپ چىقتى. ئاماس ئاق سارايدا 21 قېتىم ھۆرمەت توپى ئېتىلىپ قارشى ئېلىندى. ئۇنىڭغا دۆلەت زىياپىتى بېرىلدى. مۇئاۋىن زوڭتوڭ نىكسون قەدەھ سۆزى قىلىپ: «بىز ئامېرىكىدا شۇنى كۆردۇقكى، گۋاتېمالا خەلقى مەزكۇر دۆلەت تارىخىدا بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سەھىپىنى ياراتتى. گۋاتېمالا خەلقى بۇ باتۇر جەڭچى، بۈگۈن كېچىدىكى بۇ قەدىرلىك مېھماننىڭ باشچىلىقىدا ياسالمىلىق، ساختىلىق، چىرىكلىككە تولغان كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى». زور يالغانچىلىق مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى «ئۇتۇق قازىنىش ھەرىكىتى» ياراتقان رىۋايەت بىلەن ئىران سىياسىي ئۆزگىرىشى ئوپمۇئوخشاش دەپ قارىدى. ئۇلار بىردەك مەزكۇر ۋەزىپىنى نادىر ئەسەر، دېدى. شۇ يىلى يازدا گۋاتېمالا خىزمەت پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان جېك ئېيستراين: «بىز بۇنى ئۇنچە قالتىس نەتىجە دەپ قارىمايمىز» دېدى. بۇ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى، زوراۋانلىق ۋە تەلەيىنىڭ بولغانلىقىدا. 1954 ـ يىل 29 ـ ئىيۇل مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى زوڭتوڭغا دوكلات بەرگەندە يەنە بىر قېتىم ئويدۇرما سۆزلەرنى قىلدى. بىر كۈنى كەچتە دۇلس ۋىيېنا، بائېنس، فىلىپس، خانىي، خېكش ۋە روبېنسوننى جورجتوننىڭ تۇرالغۇسىغا تەكلىپ قىلىپ، رېپېتىتسىيە قىلدى. خانىينىڭ ئۇتۇق تېكىستىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ كورىيەدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى سۆزلىدى، دۇلس ئاڭلىغانسېرى ھەيرانلىق ھېس قىلدى.

— بۇنداق بىلجىرلاشلارنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، — دېدى دۇلس ۋە فىلىپسقا ئۇتۇق تېكىستىنى قايتىدىن يېزىشقا بۇيرۇق قىلدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئاقسارايىنىڭ شەرق ھۇجرىسىدا ئېيزىنخاۋرغا ھەرىكەت پىلانىنى تونۇشتۇردى. ئېيزىنخاۋر پىلانىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىي تەييارلىق ھەرىكەت مۇتەخەسسىسى روبېنسوندىن ئاماسنىڭ قانچىلىك ئادىمى ئۆلدى؟ دەپ سورىدى. روبېنسون: «بىرلا ئادىمى ئۆلدى» دەپ جاۋاب بەردى. زوڭتوڭنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ئاماسنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 43 ئادىمى ئۆلدى، ئەمما نەق مەيداندا روبېنسوننىڭ يالغان گېپىگە رەددىيە بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇ نومۇسسىزلارچە قىلىنغان يالغان گەپ ئىدى.

بۇ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بىسېر كېيىن مۇنداق دېدى: «مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە كىرگەن بىزدەك ئادەملەر ياردەم بەرگۈچى سالاھىيىتى بىلەن ئىش قىلىۋاتىمىز، بارلىق ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىۋاتىمىز دېيەلمەيمىز». مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئوبرازىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت زوڭتوڭنى ئالدىيالايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

**ئىجات ئىبراھىم** تەرجىمىسى



# دوستىغا «ياردەملىشىپ» بالاغا قېلىش

ۋاڭ كېچۇ، ئاۋ ياڭ

*لى يۈن بىر قانچە يىل ئىلگىرى نەننىڭ شەھىرىنىڭ «تاڭشەن» يولىدىكى بىر ھۆسن تۈزەش ئورنىغا كىرىپ، «ئالاھىدە مۇلازىمەت» تىن بەھرىمەن بولدى، ئىش پۈتكەندىن كېيىن، مەجبۇرىي 300 يۈەن «مۇلازىمەت ھەققى» تۆلىدى، چىن بياۋ لى يۈن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىنغان پۇلىنى ياردەملىشىپ قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى باردى، بىراق پۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش تۇگۇل بىر قولىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. زەخىملەندۈرگۈچى تۆتۈلمىغانلىقتىن داۋالىنىش پۇلى ئۈچۈن چىن بياۋ قەرز بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ياردەمگە چاقىرغان لى يۈن ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، داۋالىنىش پۇلى ۋە مېيىپلىك تۆلىمى قاتارلىق چىقىملىرى ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى قوللاشقا ئېرىشەلەمدۇ — يوق؟*

## دوستىغا ياردەملىشىپ «مۇلازىمەت ھەققى» نى قايتۇرۇپ كەلگىلى بېرىش

35 ياشلىق لى يۈن نەننىڭ شەھىرىدىن بولۇپ، 2006 - يىل 25 - ئاۋغۇست ئا مىڭ قاتارلىقلار بىلەن نەننىڭ شەھىرىنىڭ «تاڭشەن» يولىدىكى بىر ھۆسن تۈزەش ئورنى (شۇ نام ئاستىدىكى بەدەن ئۇۋۇلاش مەركىزى ۋە پاھىشىخانا) غا باردى. بەدەن ئۇۋۇلىتىش جەريانىدا لى يۈن 130 يۈەنگە «ئالاھىدە مۇلازىمەت» نى پۈتتۈشكەندىن كېيىن، ئۇۋۇلىغۇچى خانقىز بىلەن ھۆسن تۈزەش ئورنىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيدە ئىشرەت قىلدى. كۈتۈلمىگەندە پۇل تۆلەيدىغان چاغدا، ئۇۋۇلىغۇچى قىز لى يۈننىڭ گاندون ئىشلەتمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭدىن 1000 يۈەن تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. لى يۈن قوشۇلماستىن ئىشكىتىن چىقىپلا تاكسى توسۇپ كەتمەكچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا لى يۈننى ئون نەچچە ئەر قورشىۋېلىپ، پۇلنى بەرمەي تۇرۇۋېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھېلىمۇ ياخشى لى يۈننىڭ دوستى ئا مىڭنىڭ بۇ كىشىلەرنى تونۇيدىغان بىر دوستى بولغاچقا، ئا مىڭ دەرھال ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ ياردەم سورىدى. ئا مىڭنىڭ دوستى كەلگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ 430 يۈەنگە كېلىشتى. لى يۈن 300 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى بىكاردىن - بىكار تۆلىدىم دەپ قاراپ، ناھايىتى بىئارام بولدى. شۇ يىل 29 - ئاۋغۇست سەھەردە لى يۈن، ئا مىڭ، چىن بياۋلار بىللە ھاراق ئىچىشتى. ھاراق سورۇنىدا لى يۈن ھۆسن تۈزەش ئورنىدىكى قاقتى - سوقتى قىلىنغان ئىشنى ئەسلەپ زەردىسى قايناپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بىرەيلەندىن ئالىدىغان قەرزى بارلىقىنى، چىن بياۋلارنىڭ قەرز سۈيلەشكە بىللە بېرىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېلىقى ھۆسن تۈزەش ئورنىغا كەلدى. لى يۈەن بىر ئەر بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتتى. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن چىن بياۋ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: مەن لى يۈن بىلەن ئۇ ئەرنىڭ ۋارقىرىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئاجرىتىپ قويغىلى باردىم. تۇيۇقسىز پىچاق ۋە تۆمۈر كالتەك كۆتۈرۈشكەن بىر توپ ئەر يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، يەنە بىر دوستى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، كۆپچىلىكنى پىكاپقا چىقىرىپ قېچىپ كەت-

كەن. خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئا مىڭ قاتارلىقلار لى يۈن بىلەن چىن بىاۋنىڭ پىكاپقا چىقمىغانلىقىنى بايقاپ كەينىگە يېنىپ نەق مەيدانغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا چىن بىاۋ قان ئىچىدە ياتاتتى. بىر قانچەيلەن چىن بىاۋنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. چىن بىاۋنىڭ بېشى، قول - پۇتى يارىلانغاندى، ئۇ دوختۇرخانىدا ئىككى كۈن ھوشسىز ياتتى. لى يۈن ئىككى پىچاق يەپ، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغانىدى.

### 150 مىڭ يۈەن تۆلەم تەلەپ قىلىش

ج خ ئورگانلىرى دەرھال دېلو تۇرغۇزغاندىن كېيىن، جىنايەت گۇماندارى ئىزچىل تۇتۇلمىدى. قانۇن دوختۇرى چىن بىاۋنىڭ يارىسىنى ئېغىر زەخمە، چېپىلغان سول قولنى 7 - دەرىجىلىك مېيىپ، دەپ بېكىتتى. 2007 - يىل سېنتەبىردە چىن بىاۋ نەنىڭ شەھىرىنىڭ جياڭەن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە لى يۈن ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، داۋالىنىش چىقىمى، ئىشتىن قېلىش پۇلى، مېيىپلىك تۆلەم پۇلى، روھىي زىيان تۆلىمى قاتارلىق زىيانلىرى ئۈچۈن جەمئىي 150 مىڭ يۈەن تۆلەم تەلەپ قىلدى.

سوتتا چىن بىاۋ مۇنداق دېدى: مەن لى يۈن بىلەن دوست، ئەمما ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن قەرز سۈيلىگىلى بىرگە بارغان، لى يۈن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا قانۇنىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. لى يۈن پۇلنى سۈرۈشتۈرۈشتە خەتەر بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ماڭا چۈشەندۈرمىگەچكە، بۇ ئىشقا قاتنىشىش - قاتناشماسلىقتا توغرا قارار چىقىرالمىدىم. تەييارلىقسىز بۇ ئىشقا قاتنىشىپ قالدىم. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، لى يۈن ئۆزى قېچىپ كەتتى، مەن لى يۈنگە ياردەم بېرىۋاتقاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم، شۇڭا لى يۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

لى يۈن سوتتا مۇنداق دېدى: مەن چىن بىاۋ بىلەن ئادەتتىكى تونۇش، خالاس. شۇ كۈنى مەنمۇ سول مۈرەمگە بىر پىچاق يېدىم. مەن چىن بىاۋنىڭ يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال يېقىن دوستىمدىن 4500 يۈەن قەرز ئېلىپ، چىن بىاۋنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى تاپشۇردۇم. مەن يەنە چىن بىاۋ دوختۇرخانىدىن چىقماقچى بولغاندا 6000 يۈەن تاپشۇردۇم، قولىمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلدىم.

### ئوتتۇرا سوتقىچە ئەرز قىلىش ۋە ئەرزنىڭ قايتۇرۇلۇشى

سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، بۇلتۇر مايدا 1 - سوت ھۆكۈمى چىقىرىپ، چىن بىاۋنىڭ لى يۈنگە ياردەملىشىپ قەرز سۈيلەش ئۈچۈن ھۆسن تۆزەش ئورنىدىكى خانقىزنى ئىزدەپ بېرىش قىلمىشى قانۇنغا خىلاپ، دەپ قاراپ چىن بىاۋنىڭ ئەرزىنى رەت قىلدى. چىن بىاۋ ھۆكۈمگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز سۇندى. بۇ يىل 25 - فېۋرال نەنىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلوغا ئاخىرقى سوت ھۆكۈمىنى چىقىرىپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، چىن بىاۋنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلدى.

نەنىڭ شەھىرىدىكى بىر ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى گوڭ چىنجۇڭ مۇنداق دەپ قارىدى: دوستىي قېيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ياردەم قىلىش ھەقىقەتەن ماختاشقا ۋە تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش، بىراق پاھىشىۋازلىق قىلىش قانۇنغا خىلاپ. قانۇنغا خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنسىز ئىش قىلسا، ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتكە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ دېلوغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغان سودىيە مۇنداق دېدى: سوت مەھكىمىسىنىڭ چىن بىاۋنىڭ ئەرزىنى رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، چىن بىاۋنىڭ لى يۈندىن تۆلەم تەلەپ قىلىشىنىڭ قانۇن ئاساسى يوق. قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى گەرچە مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى بولسىمۇ، قاقتى - سوقتى قىلىنغان پاھىشە پۇلى قىمار پۇلىغا ئوخشاش قانۇن جەھەتتىن قوغداشقا ئېرىشەلمەيدۇ.

**ئابدۇرېشىت مەمتىمىن تەرجىمىسى**





# پاي چېكى بازىرىدىكى غالجىرلىق

گاۋ يۈەن، جاڭ جۈگفەن

**2009 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست شاڭخەي شەھەرلىك 1 ـ خەلق سوت مەھكىمىسى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەۋلادنى قۇرۇتۇشتەك پاجىئەلىك دېلوغا سوت ئېچىپ قاراپ چىقتى. بويىغا يەتكەن بىر قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئائىلە بويىچە قىزنىڭ بولغۇسى ئېرى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شاڭخەي شەھىرى شۈيخۇي رايونىدىكى ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن قاتىللىق دېلوسى بۇ ئىككى ئائىلە بىلەن پىششىق تونۇشىدىغان خىزمەتداش قوشنىلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ئادەتتىكى كۈنلەردە بۇ بولغۇسى كۈيئوغۇل بولغۇسى ئايالىغا شۇنچىلىك ئامراقلىق قىلاتتى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى ھەم ئۇنى ئەڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىرادە باغلىغانىدى، بىراق ئۇ قانداقلارچە بۇ دېلونى سادىر قىلدى؟**

29 ياشقا كىرگەن ۋۇ يىڭمىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىلگىرى شاڭخەيدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن زىيالىي ياش ئىدى، كۆپ يىلدىن بۇيان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئوغلىنى شاڭخەيگە قايتۇرۇپ كېلىش ئىدى، ۋۇ يىڭمىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى شاڭخەيگە بوۋىسى ۋە مومىسى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئاپىرىپ بەرگەنىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋالغانىدى.

1998 ـ يىل ئىيۇلدا ۋۇ يىڭمىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن شاڭخەيدىكى بىر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، كومپيۇتېر ئۆگەندى. 2002 ـ يىل ئىيۇلدا ۋۇ يىڭمىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شاڭخەيدىكى بىر چوڭ كارخانىغا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تور ئاسراش ۋە باشقۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى، بىر يىلدىن كېيىن تور تېخنىكىسى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.

2005 ـ يىل ئىيۇلدا ۋۇ يىڭمىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىنى قاچىلاش مەشغۇلاتىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «ۋۇ ئۇستاز، ياخشىمۇسىز؟» دېگەن يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ، بويى ئېگىز، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ۋۇ ئۇستاز، مەن يېڭى كەلگەن شۈي جىڭ، لو دىرېكتور مېنى بۈگۈندىن كېيىن سىزدىن تەلىم ئېلىشىمنى ئېيتتى، كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلارسىز، — دېدى ئۇ قىز.

چىرايلىق ئىستودېنت شۈي جىڭنىڭ كېلىشى ۋۇ يىڭمىڭنى جانلاندۇرۇۋەتتى، ئەسلىدە ۋۇ يىڭمىڭ ئۆزىنى تۇۋۇتۇۋالغان، ياۋاش، كەم سۆز بولۇپ، كۆزەينەك تاقىۋالغان، بولۇپمۇ چاچلىرى ۋاقىتسىز چۈشۈپ كەتكەنىدى، ھەمىشە قىزلار ئۇنى كۆرسىلا رايى قايتىپ كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى خىزمەتكە قاراتتى. ئۇ مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، كەسپتە رەھبەرلىكنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنى بىر ئاز كەمسىتىدىغان ۋۇ يىڭمىڭ خېلى تەسەللى تېپىپ قالدى.

ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئالىي مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن شۈي جىڭ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان ئوماق قىز ئىدى. ئۇ يالغۇز قىز بولۇپ، ئائىلىسى شاڭخەينىڭ ئاۋات شەھەر رايونىدا ئىدى، شۈي جىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، مىجەز ـ خاراكتېرى تېتىك، كىشىلەرنىڭ تولىمۇ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان قىز ئىدى.

2006 ـ يىل 28 ـ يانۋار شۈي جىڭنىڭ 28 ياشقا كىرگەن كۈنى ئىدى. تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىدىن كېيىن،

شۇي جىڭ توساتتىن بارلىق خىزمەتداشلىرىنىڭ غايىب بولۇپ، ئۆيدە ۋۇ يىڭمىڭنىڭلا قالغانلىقىنى بايقىدى.

— شۇي جىڭ، بۈگۈن سىز ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز... مەن سىزگە ھاياتىمنى بېغىشلاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم، خالامسىز؟ — دېدى ۋۇ يىڭمىڭ.

— مەن ئۆيلىنىپ باقاي، بولامدۇ؟ — دېدى قىز.

ۋۇ يىڭمىڭ شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قىزغىن، سەمىمىي بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇي جىڭنى ئالقىنىدىكى گۆھەر دەپ قاراپ، ناھايىتى ئىنائەتمەن بولدى. ياز كېلىشى بىلەن ئۇلار بىرلىكتە بازارغا ئايلاندى. ۋۇ يىڭمىڭ ھەرقانچە چارچاپ كەتسىمۇ، شۇي جىڭنىڭ تاماق يېگۈسى كەلسە، ئۇنى كېچىلىك بازارغا ئېلىپ باراتتى. شۇي جىڭ بازار ئايلانماقچى، كىيىم سېتىۋالماقچى بولسا، ۋۇ يىڭمىڭ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقاتتى. ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن بېرىلىشلىرى شۇي جىڭنىڭ قەلبىنى ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇردى، تۆت ئايدىن كېيىن ئۇلار مۇھەببەتلەشتى. باشتا شۇي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋۇ يىڭمىڭنى قىزىغا لايىق كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، قەتئىي قارشى تۇردى، لېكىن قىزىنىڭ قەتئىي چىڭ تۇرغانلىقىنى، ۋۇ يىڭمىڭنىڭمۇ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ بولغۇسى كۈيئوغلىنى ئۈن ـ تىنسىز ئېتىراپ قىلىپ، ئۆز ئوغلىدەك كۆردى.

يېرىم يىلدىن كېيىن، ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ۋۇ يىڭمىڭ شۇي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىم بويىچە توي قىلىپ كىرىدىغان يېڭى ئۆينى ۋۇ يىڭمىڭ ھەل قىلىدىغان، ئائىلىگە كېرەكلىك باشقا نەرسىلەرگە شۇي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

2006 ـ يىل ئاپرېلدا ۋۇ يىڭمىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر ئۆمۈر يىغقان 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى ئوغلىنىڭ يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەردى. ۋۇ يىڭمىڭ شۇ كۈنى شۇي جىڭنى باشلاپ بىر ئۆي سېتىش بۆلۈمىگە كىرگەندە ئۆي ساتقۇچى قىز ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى:

— ئۆيلىرىمىزنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ باھاسى 10 مىڭ يۈەن، 100 كۋادرات مېتىرلىق ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ باھاسى 1 مىليون يۈەن، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ قىز.

— نېمىشقا بۇنچىۋالا قىممەت؟ ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ باھاسى 9000 يۈەن ئەمەسمىدى؟ — سورىدى ھەيران بولۇپ ۋۇ يىڭمىڭ.

— بۇ يىل پاي چېكى بازىرى قىزىپ كەتتى، نۇرغۇن پايچىلار تاپقان پايدىسىغا ئۆي سېتىۋالدى، شۇڭا ئۆي باھاسى پاي چېكى بازىرىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ كەتتى، — دېدى ئۆي ساتقۇچى.

ئۈمىدسىزلەنگەن ۋۇ يىڭمىڭ شۇي جىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەدە بەردى. بىراق، ۋۇ يىڭمىڭنىڭ بىر ئايدا ئالىدىغان 5000 يۈەن مائاشى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 1 مىليون يۈەن پۇلنى جايلىيالىشى ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىدى. شۇ چاغدا جۇڭگو پاي چېكى بازىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قىزىپ كەتكەنىدى. كومپيۇتېردىن ھەر كۈنى ئۆرلەۋاتقان كۆرسەتكۈچنى كۆرۈپ، ۋۇ يىڭمىڭنىڭ يۈرىكى بىر ئاز سېلىپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ دادىسىغا مەسلىھەت سېلىپ مۇنداق دېدى:

— دادا، مەن ئۆي سېتىۋالىدىغان پۇلغا پاي چېكى سېتىۋېلىپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، ياخشىراق ئۆي سېتىۋالاي دەۋاتىمەن!

— ئوغلۇم، — دېدى دادىسى نەسىھەت قىلىپ، — پاي چېكى بازىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ناھايىتى زور، ئەڭ ياخشىسى، پاي چېكى ئوينىمىغىن، بىز زىيان تارتىپ قالمىز!

ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەبلەغ سېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، 2006 ـ يىل ئاپرېلدا ۋۇ يىڭمىڭ 150 مىڭ يۈەننى ئېلىپ پاي چېكى بازىرىغا كىردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇ قالغان 450 مىڭ يۈەننىمۇ پاي چېكى بازىرىغا مەبلەغ قىلىپ سالدى. باشتىلا ئۇنىڭ پاي چەكلىرىنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئۆرلىدى، بىر يىلدىن بۇيان ۋۇ يىڭمىڭنىڭ قولىدىكى پاي چېكىنىڭ بازاردىكى قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بىراق، پاي چېكىنىڭ باھاسى ئۆسكەن بولسىمۇ، شاڭخەيدە ئۆينىڭ باھاسىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ تېز ئۆستى.

2007 ـ يىل 30 ـ ماي دۆلەت تۇيۇقسىز ماركا بېجىنى تەڭشەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى، پاي چېكى بازىرىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشۈپ كەتتى، ۋۇ يىڭمىڭ بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ پەيتنى كۈتۈپ بازار ئۆزگىگە پايدىلىق بولغاندىلا سېتىۋېتىشنى كۈتتى، لېكىن ئۇ كۈتكەنسېرى زىيان شۇنچە چوڭ بولدى. ۋۇ يىڭمىڭ بۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

2008 ـ يىل ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا جىنمېييۈەندىكى ئۆيلەر سېتىلىدىغان بولدى، بۇ چاغدا ۋۇ يىڭمىڭنىڭ قولىدىكى پاي چېكىنىڭ قىممىتى زوردەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ

دەردىنى تېشىغا چىقىرالماي، يالغانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «ئۆيگە تىزىملىتىپ قويدۇم، بەلگىلەنگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ بولدۇم، 8 - ئاۋغۇست پۇلنى تۆلەپ ئۆينى سېتىۋالساق بولىدۇ» دېدى لايىقىغا. بىراق، 2008 - يىلى 8 - ئاۋغۇست شۇي جىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋۇ يىڭمىڭغا ئۆي سېتىۋالغىلى ئۇلارنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئامالسىز قالغان ۋۇ يىڭمىڭ يەنە بىر قېتىم يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— ھە، بىر كىشىنىڭ مەن زاكاز قىلغان ئۆيگە كۆزى چۈشكەنىدى. مەن ئۆينى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. بىراق مەن بۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالدىم، — دېدى ئۇ.

شۇي جىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدى.

— ئاكام ماڭا يېقىن جايدىن بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي تاللاپ قويۇپتۇ، مەن جىنمىييۈەندىكى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئۆيدىن ئالغان پۇلنى شۇ ئۆيگە ئالدىن تۆلىدىم، بۇ ئۆينى 2008 - يىلى 31 - دېكابىر تاپشۇرىدىغان بولدى، — دېدى ۋۇ يىڭمىڭ.

شۇي جىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى. ئۇ توردىكى قىمار ئۇستىلىدىن ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدا قالغان 100 مىڭ يۈەن پۇلنى قىمار ئارقىلىق دوملىتىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش قارارىغا كەلدى. 2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋۇ يىڭمىڭ بارلىق پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتى.

2008 - يىلى 31 - دېكابىر ۋۇ يىڭمىڭنىڭ يەنە بىر قېتىم ۋەدە قىلغان ئۆي سېتىۋېلىش ۋاقتى توشتى، ئۇ ئوخشاشلا ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ قۇتۇلدى ھەم 2009 - يىلىنىڭ بېشىدا لومىن كوچىسىدىكى بىر ئالىي دەرىجىلىك مەھەللىگە جايلاشقان يېڭى ئۆينى سېتىۋالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. بۇ قېتىم شۇي جىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋۇ يىڭمىڭ يەنە شۇي جىڭنىڭ كىملىكىنى ئىشلىتىپ بانكىدىن پۇل ئامانەت كىنىشكىسى بېجىردى، ئاندىن ئۆز ئىدارىسىنىڭ پىرىنتېرى ئارقىلىق 2 مىليوندىن كۆپرەك ساننى بېسىپ، شۇي جىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ساقلاپ قويۇشقا بەردى. ۋۇيىڭمىڭ بۇ 2 مىليون يۈەنلىك ئامانەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ، شۇي جىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

2009 - يىلى 15 - فېۋرال ۋۇ يىڭمىڭ ۋەدە قىلغان



ئۆي سېتىۋېلىش ۋاقتى يەنە كەلدى. ئۇ يەنە بىر سەۋەبنى كۆرسىتىپ، كۆز بوياپ قۇتۇلدى. لېكىن، بۇ قېتىم شۇي جىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ساتقان ئولتۇراق ئۆينى جەزمەن 22 - مارت تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۆينى تاپشۇرسىلا شۇي ئائىلىسىدىكىلەر ماكانسىز قالاتتى. شۇڭا شۇي جىڭ يېڭى ئۆي چوقۇم شۇ كۈندىن بۇرۇن سېتىۋېلىنىشى كېرەك، دەپ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى چىقاردى. شۇي جىڭنىڭ تاغىسى ياپونىيەدە بولغاچقا، شۇي جىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋاقىتنچە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ تۇردى.

2009 - يىلى 22 - مارت شۇي جىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئاخىرقى مۆھلەت توشتى. شۇي جىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆينى سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر قانچە كۈن ئىچىدە شۇي جىڭنىڭ تاغىسىنىڭكىگە كۆچۈپ چىقىش كېرەك ئىدى، شۇي جىڭ ۋۇ يىڭمىڭغا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆي كۆچۈشكە ياردەملىشىشنى، ئۇلار كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئۆي سېتىۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئۇ يول بويى ئۆزىنى جازا مەيدانىغا مەجبۇرىي كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇي جىڭنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا شۇي جىڭ ياتاق ئۆيدە نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، ۋۇ يىڭمىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ تۇيدۇرماستىن شۇي جىڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئاستا كۆتۈردى... شۇي جىڭ لەپپىدە چۈشكەن كۆلەڭگىنى كۆرۈپ، قايرىلىپ قاراپ كەينىدە ۋۇ يىڭمىڭنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى بايقاپ، ئىختىيارسىز قورقۇپ كەتتى.

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، ئۈن چىقارماي كەينىمدە تۇرۇپ، مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭ، — دېدى شۆي جىڭ ئۇنى ئەيىبلەپ، ئاندىن ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى.

ۋۇ يىڭمىڭ تويۇقسىز شۆي جىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ گېلىدىن قاتتىق سىقتى. بىچارە شۆي جىڭ جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن ۋارقىرىيالمىدى. نەچچە ئون سېكۇنتتىن كېيىن، ئۇنىڭ تىنىقى توختىدى.

شۆي جىڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شۆي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ، قىزىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. ۋۇ يىڭمىڭ شۆي جىڭ ھېلىلا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆيگە بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە شۆي جىڭنى چاقىرىپ كېلىش باھانىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، شۆي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋۇ يىڭمىڭ باھانە تېپىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، مېۋە ئاقلايدىغان پىچاقنى قويىنىغا تىقىۋېلىپ، شۆي جىڭنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ پۇرسەت كۈتتى. كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا ۋۇ يىڭمىڭ يالغاندىن شۆي جىڭغا تېلېفون بەرگەن بولۇپ، بىر دەم ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندىن كېيىن، شۆي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا:

— دادا، شۆي جىڭ سىزنى؛ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر دەپتەرنى ئەكېلىشكىزنى ئېيتتى، ئۇنىڭغا يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرى خاتىرىلەنگەنىكەن، — دېدى.

قىزىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان شۆي جىڭنىڭ دادىسى دەرھال شۆي جىڭنىڭ تاغىسىنىڭكىگە كەتتى. ۋۇ يىڭمىڭمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. شۆي جىڭنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، شۆي جىڭنىڭ دادىسى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئېقىپ قالغانلىقىنى بايقاپ، ئالدى بىلەن سۇ تۇرۇبىسىنى تەكشۈردى. ئۇ بەك كۈچىگەنلىكتىن، تۇرۇبا چىقىپ كېتىپ، ئۆينى سۇ بېسىپ كەتتى. ۋۇ يىڭمىڭ ئۇنىڭ پولنى سۈرتۈشكە ياردەملەشتى، شۆي جىڭنىڭ دادىسى بىر دەم ئىشلىگەندىن كېيىن، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ۋۇ يىڭمىڭ ئوغرىلىقچە قويىنىدىن ھېلىقى پىچاقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ گېلىغا سۇردى. بوۋاي يەرگە يىقىلدى. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بوۋاي:

— سېنىڭ ماڭا بۇنداق زەھەرلىك قول كۆتۈرۈشىڭنى زادى ئويلىماپتىمەن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى.

— دادا، كەچۈرۈڭ، — دېدى ۋۇ يىڭمىڭ.

بوۋاي ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ جېنىنىڭ بارىچە پىچاقنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، بىراق ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى... شۆي جىڭنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ۋۇ يىڭمىڭ ئاشخانا ئۆيدىكى قىگىراقنى قويىنىغا تىقىپ، ئۇدۇل شۆي جىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى، بىراق ياشانغان قېيىنئانىسىنىڭ ئادەتتە ئۆزىگە ئىنتايىن كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۇنىڭغا قول سېلىش نىيىتىدىن ياندى.

ئۇ ئىككى قېتىم شۆي جىڭنىڭ تاغىسىنىڭكىگە باردى. 1 ـ قېتىم بارغىنىدا شۆي جىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتىنى تام ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە يۆتكىدى، 2 ـ قېتىم بارغىنىدا، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش دورىسى سېتىۋېلىپ، جەسەت بار ئۆيگە قويۇپ قويدى. بۇ جەرياندا شۆي جىڭنىڭ ئانىسىنى يالغان گەپلەر بىلەن ئالداپ كەلدى.

28 ـ مارت ئەتىگەندە شۆي جىڭنىڭ ئانىسى قايناقسۇ ئېلىش ئۈچۈن قايناقسۇ تۇڭىغا ئېڭىشكەندە، ۋۇ يىڭمىڭ تويۇقسىز ئارقا تەرەپتىن قىگىراقنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇردى. ئايال ئېچىنىشلىق چىرقىراپ جان بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋۇ يىڭمىڭ شۆي جىڭنىڭ نەۋرە ئاچىسىغا ئالاھىدە قىسقا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ بۈگۈن ئۆي كۆچمەيمىز دېگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويىدى. ئاندىن ئۇ ATM ئاپپاراتى ئارقىلىق شۆي جىڭنىڭ كارتىسىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ كارتىسىغا يۆتكەپ، قاچقۇنلۇق ھاياتىنى باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە شۆي جىڭنىڭ ياپونىيەدىكى تاغىسى شۆي جىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تېلېفون بېرىپ ئالاقىلىشەلمىدى ھەمدە غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا، شۆي جىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقانىدى. ئۇ شۆي جىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ جەسىتىنى بايقاپ، دەرھال ج خ ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

2009 ـ يىل 3 ـ ئاپرېل ساقچىلار جىنايەت گۇماندارى ۋۇ يىڭمىڭنى تۇتتى. ۋۇ يىڭمىڭ دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى تېزلا تاپشۇردى. 2009 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست شاڭخەي شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلوغا سوت ئېچىپ قاراپ چىقتى، سوتتا ئەيىبلىگۈچى سوتنىڭ جاۋابكارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

**مۆمىن روزى تەرجىمىسى**

# بالىنى قېيىنئاپامنىڭ بېقىشىنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا:**

ئېرىم ئىككىلىمىزلا ئىش ئورنىمىزدىن قالغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالدۇق، بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇش پۇلىنىمۇ تاپشۇرالمىدۇق. يېقىندا مەن ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى بېقىشقا قۇربى يەتمىسە، بوۋا-مومىسىنىڭ بېقىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى ھەققىدە بەلگىلىمە بارلىقىنى ئاڭلىدىم. قېيىنئاپام پېنسىيەگە چىققان، مۇقىم كىرىمى بار، شۇڭا ئۇنىڭدىن بالامنى بېقىشنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ؟

**ھۆرمەت بىلەن: ل xx تىن**

**جاۋاب:** ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قېيىنئاپىڭىز سىلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە بەلگىلىك ياردەم قىلسا بولىدۇ. قانۇن نۇقتىسىدىن، قېيىنئاپىڭىز ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن بالىڭىزنى بېقىشنى تەلەپ قىلسىڭىز مۇۋاپىق بولمايدۇ. سىز تىلغا ئالغان بەلگىلىمىدە بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتسە ياكى تۇرمۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىپ، بالىنى بېقىشقا قۇربى يەتمىسە، بوۋىسى، مومىسى ياكى باشقا تۇغقانلىرىنىڭ بالىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار ئىش ئورنىدىن قالغان بولساڭلارمۇ، بۇ يەنىلا ۋاقىتلىق ئىش، سىلەر زېھنىڭلارنى قېيىنئاپىڭىز ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، بالىنى باقتۇرۇشقا قاراتماستىن، خىزمەت تېپىپ، تۇرمۇشىڭلارنى ياخشىلاشقا قاراتىشىڭلار كېرەك.

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسى**

# مەن تۈزگەن ئەمگەك توختامى بىكار قىلىنامدۇ

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا:**

مەن 2007-يىلى بىر ئورۇن بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىغانىدىم. بۇ يىلنىڭ بېشىدا خىزمەت ئۈستىدە يارىلانغانىدىم، ئەمگەك ئورۇنلىرىنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشنى بېكىتىش نەتىجىسى تېخى چىقمىدى، توختامنىڭ ۋاقتى پات ئارىدا توشاتتى. ئىش ئۈستىدە يارىلانغان مەزگىلدە توختام ۋاقتى توشسا، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۇنى بىكار قىلامدۇ؟

**ھۆرمەت بىلەن: ل xx تىن**

**جاۋاب:** كارخانىلار ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلىق نەتىجىسى چىقماي تۇرۇپ، توختامنى توختاتسا بولمايدۇ. توختامنىڭ ۋاقتى توشقان تەقدىردىمۇ، كارخانا توختام مۇددىتىنى ئۇزارتىپ، يارىلانغانلىق نەتىجىسىنى كۈتۈشى كېرەك. «ئەمگەك توختامى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئەگەر خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلىق دەرىجىسى 1-دەرىجىدىن 4-دەرىجىگىچە بولسا، ئەمگەك توختامىنى توختىتىشقا بولمايدۇ. توختام ۋاقتىنى شۇ خىزمەتچى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر ئۇزارتىش كېرەك. ئەگەر 5-، 6-دەرىجىدە يارىلانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلارغا تەۋە بولۇپ، بۇنداق خىزمەتچىلەر توختام مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلسا، كارخانا چوقۇم ئۇزارتىشى كېرەك، 7-دەرىجىدىن 10-دەرىجىگىچە يارىلانسا تۈنجى مۇقىم توختام مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كارخانا ياكى خىزمەتچى قايسى تەرەپ توختامنى ئۇزارتىشقا قوشۇلمىسا، توختامنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر خىزمەتچى توختام مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلسا، كارخانا چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ئەمگەك توختامىنى داۋاملىق تۈزۈشى كېرەك.

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسى**

# ئۆينى قېيىنئاتامغا بۇيرۇپ بېرەمدۇ

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا:**

دوستۇمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندە قەرزنى تۆلەپ بولالمىغان بىر يۈرۈش ئۆي قالغانىدى. دوستۇم ئىزچىل شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، قەرزنى تۆلەپ كېلىۋاتىدۇ. قەرز يەنە 17 يىلدا تۈگەيدۇ. يېقىندا ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى ئۆيگە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ سوتقا ئەرز قىلدى، سوت ئۆينى ئۇنىڭ قېيىنئاتىسىغا بۇيرۇپ بېرەمدۇ؟

**ھۆرمەت بىلەن: ل xx تىن**

**جاۋاب:** تۈنجى تۆلىگەن ئۆي پۇلىنى ئەر-خوتۇن ئورتاق چىقارغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنى مۇددەتكە بۆلۈپ بانكىغا تۆلەيدۇ. شۇڭا ئەر-خوتۇن ئىككىسىدە مەزكۇر ئۆينىڭ تولۇق ھوقۇقى يوق. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئېرى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى قانۇنلۇق مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىغا دادىسى مۇۋاپىق ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئەمما ئۈنۈملۈك ۋاقىتقا قارىغاندا، دەۋا سورۇقىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**«ئامانلىق» ژۇرنىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسى**



# ناتونۇش كىشىلەرنىڭ مېھرىبانلىقى

كۆكتات بازىرىغا بېرىپ، ھەر بىر كىلوگرامى ئىككى يۈەنلىك شوخلىدىن ئالاي دەپ تۇرۇشۇمغا سېمىز بىر ئايال چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتىپ:

— باھاسى 1.5 يۈەن، بايا مەن شۇ باھادا ئالغان، — دېدى.

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بارغۇچە ئاپتوبۇستا ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئاخىرقى بېكەتكە ئاز قالغاندا يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ بولۇپتۇ، پەقەت بىر يىگىتلا مەن بىلەن ئاخىرقى بېكەتكە بېرىپتۇ.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، بۇ ئاخىرقى بېكەت، — دېدى يىگىت مېنى نوقۇپ.

بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، چوكا مۇز ئېلىپ يېمەكچى بولدۇم، يېنىمدا 100 يۈەنلىك پۇتۇن پۇل بولغاچقا، دۇكاندارغا ئامالسىز پۇتۇن پۇلنى تەڭلىدىم. دۇكاندار ئايال ماڭا سەت ئالىيىپ قويدى. شۇ چاغدا يېنىمدا تۇرۇپ چوكا مۇز ئېلىۋاتقان بىر قىز:

— بولدى، پۇلىڭىزنى مەن تۆلىۋېتەي، — دېدى - دە، ئىككى تال چوكا مۇز ئېلىپ بىرنى ماڭا تەڭلىدى.

كەچلىك ئىسمېنىدىن چۈشۈپ تاكسى بىلەن ئۆيگە قايتتىم، شوپۇر تاكسىنى بىنانىڭ ئالدىغىچە ئاپاردى ھەمدە مەن بىناغا كىرىپ كەتكىچە پىكاپنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇردى. مەن شوپۇر تاكسىدا پۇل ساناۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم، بىنانىڭ ئىشكىنى ئېچىشىمغىلا شوپۇر تاكسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ كېتىپ قالدى.

مەن بۇلارنى ئويلاپ، ناتونۇش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ كىچىك، ئەمما كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك ئىشلارنىڭ ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندىم ھەمدە باشقىلارغا مەنمۇ شۇنداق مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

**گۈلجەننەت مۇھەممەت** تەرجىمىسى

# يۇمۇرلار

**ئانىنىڭ تەسەللىسى**

— سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مېنى يوغانباش دەپ زاڭلىق قىلىشىدۇ، ئېيتىڭە ئانا، نېمىشقا بېشىم بۇنداق يوغان؟ — دەپتۇ بىر ئوغۇل بالا يىغلاپ تۇرۇپ ئانىسىغا.

— ئۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالما، سېنىڭ بېشىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن چىرايلىق، بولدى يىغلىما، ماگىزىنغا بېرىپ بەش كىلوگرام گۈرۈچ ئەپكەل، — دەپتۇ ئانىسى تەسەللى بېرىپ.

— خالتا قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— خالتىنى نېمە قىلىسەن؟ بۆكۈڭگە ئەكەلسەڭ بولىدىغۇ؟ — دەپتۇ ئانىسى.

**ئۆزۈڭ بىلىسەن**

قىينىق گىرىم قىلىۋالغان بىر ئايال ئىشقا بارغۇچە ئەرمەك ھايۋانلارنى ساتىدىغان دۇكانغا كىرىپتۇ. تۇيۇقسىز دۇكاندىكى شاتۇتى ئۇ ئايالغا: «ھەي ئايال، سەن نېمىدېگەن سەت؟» دەپتۇ.

ئايال قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، لېكىن ئىشقا بارىدىغان ۋاقىت توشاي دەپ قالغاچقا، گەپ قىلماي كېتىپ قاپتۇ. ئايال ئىشتىن چۈشۈپ يەنە ھېلىقى دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ شاتۇتىنىڭ: «ھەي ئايال، سەن نېمىدېگەن سەت؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دۇكان خوجايىنىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا دەرد ئېيتىپ، بىر مۇنچە خاپا بولۇپ كېتىپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئەمدى ئۇنداق دېگۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يولغا ساپتۇ. ئەتىسى ئايال دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، شاتۇتى ئۇنىڭغا قاراپ: «ھەي ئايال، ...» دەپتۇ. ئايال نېمە ئىشلىقىنى سوراپتىكەن، شاتۇتى دەرھال ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ بىلىسەن» دەپتۇ.

**ئارزۇگۈل خوجا** تەرجىمىسى

# دۇردانىلەر

سەممىيلىكتىنمۇ قىممەتلىك بايلىق يوق.

**— شېكسپىر (ئەنگلىيە)**

خاتالىقنى تونۇش خاتالىقنىڭ يېرىمىنى تۈزەتكەن بىلەن تەڭ.

**— فرانكلىن (ئامېرىكا)**

شەرەپ بىلەن مەغلۇپ بولۇشقا رازىمەنكى، ئالدامچىلىق بىلەن غەلىبە قىلىشنى خالىمايمەن.

**— سوقرات (گرېتسىيە)**

سەممىي قەلب ئەڭ چوڭ خۇشاللىق.

**— جېففېرسون (ئامېرىكا)**

تەبىئەت ھەرگىز بىزنى ئالدىمايدۇ، بىزنى ئالداۋاتقىنى دەل ئۆزىمىز.

**— رووسسېد (فرانسىيە)**

سەممىيەت سىياسەت ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، سىياسەت سەممىيەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

**— راسكىن (ئەنگلىيە)**

سەممىي ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى ئاسان ئىشىنىپ كېتىش.

**— لىنكولىن (ئامېرىكا)**

نۇرغۇن كىشىلەر سەممىيەت ئالدىدا ھەيران قالسا، بەزى كىشىلەر ئالدامچىلىق ئالدىدا ھەيران قالدۇ.

**— كوۋارد (ئامېرىكا)**

**ئەمەتھاجى** تەرجىمىسى

# سىزنى ئېسىدە ساقلايدىغان ئادەم

مەن يانفون نومۇرۇمنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر بىمەنە خىيالنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ – بونىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلدۇرماقچى بولدۇم. ئالدى بىلەن مەن ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم جاڭ مىڭغا تېلېفون بەردىم. ئۇ ھازىر بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىكەن. بىز بىرقانچە يىللىق قەدىناس دوستلاردىن ئىدۇق. تېلېفون ئۇلاندى. مەن قەستەن بوش ئاۋازدا:

— جاڭ مۇدىرمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئۇ دەرۋەقە مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇيالمىدى. مەن ئويۇنۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن ئوقۇغۇچىڭىزنىڭ دادىسى، تېخى ئالدىنقى كۈنىلا سىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن، مېنى تونۇيالمادىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن.

— مېنىڭ خاتىرەم ئانچە ياخشى ئەمەس، سىزنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدى جاڭ.

— مەن ئۆزۈمنى تونۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

مەن يەنە بىر دوستۇم لى ئىدارە باشلىقىغا تېلېفون بەردىم. ئۇمۇ مېنى تونۇيالمىدى. ئەينى چاغدا ئۇ ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ ئۆمرۈمدە مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن» دېگەنىدى. مەن يەنە ھەييارلىق بىلەن: «مەن سىزنىڭ دوستىڭىز، بۈگۈن چۈشتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ بىر پاراڭلاشقان بولساق» دېدىم. ئۇ ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن: «كەچۈرۈڭ، بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم بار» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم. روشەنكى ئۇمۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى.

— مەن يەنە ئون نەچچە يىل ئالاقىلىشىپ باقمىغان بىر دوستۇمغا تېلېفون بەردىم، ئۇ مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم ئىدى. ئەينى چاغدىكى ئەستىن چىقمايدىغان قايناق مۇھەببىتىمىزدىن ھازىر ئەسىرمۇ قالمىغانىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىشنى خالىمايتتىم. پەقەت ھەر قېتىم تېلېفون نومۇرۇمنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇدلۇقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا تېلېفون بېرەتتىم.

مەن ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئېيتمىدىم. تېلېفون ئۇلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋاز بىلەن: «بۇ سىزمۇ؟» دېدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

مەن ئون نەچچە دوستۇمغا تېلېفون بەردىم. مېنىڭ باللىقتىكى بىر دوستۇم ئاۋازىمنى تونۇۋالدى. بىز ئالاقىلەشمىگىلى خېلى يىللار بولغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن كىملىكىمنى سورىغاندا ئۇ: «كىچىكىمدىن ماڭا ھەمراھ بولۇپ چوڭ بولغان بۇ ئاۋازنى قانداقمۇ تونۇماي» دېدى.

مەن شۇنچە كۆپ ئادەمگە تېلېفون بېرىپ پاراڭلاشقاندىن كېيىن: «سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئەستە ساقلىيالايدىغان ئادەملا سىزنى ھەقىقىي ئېسىدە ساقلايدىغان ئادەمدۇر» دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

**گۈلجەننەت مۇھەممەت**
تەرجىمىسى

# ئىشىنىش ھاياتلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى

تۇرمۇشتا بىر ئادەمنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئۈچۈن بەزىدە نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر سىز پەقەت ئۆزىڭىزنى خۇشال قىلالايدىغانلارغىلا ئىشەنسىڭىز، ئەلۋەتتە بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، ئەگەر سىز ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئەخمەق ھېسابلىنىسىز، كەلسە – كەلمەس ئادەملەرگە ئىشىنىپ يۈرسىڭىز، سىز ئىشەنگەن كىشىلەر سىزنى ئالدىۋېتىشى مۇمكىن، ئۆزىڭىز ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان كىشىلەرگە ئىشىنىپ كەتسىڭىز، ئۇۋالچىلىقتا، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، ئەگەر ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئادەمنى تاپالىسىڭىز ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالىسىڭىز، مېھىر – مۇھەببەتكە، ئىللىقلىققا ئېرىشەلەيسىز، شۇنداقلا ھاياتىڭىز ناھايىتى مەنىلىك ئۆتىدۇ.

ئىشىنىش ھاياتلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، شۇنداقلا بىر خىل ئالىيجانابلىق. ئىشىنىش كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر رىشتە، شۇڭا باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، باشقىلارغا ئىشىنىشىڭىز ھەمدە باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە ئىشەندۈرۈشىڭىز كېرەك.

**نۇربىيە توختى تەرجىمىسى**

# دۇنيادىكى 2 ـ قاتىل




2010 ـ يىل 31 ـ ماي 23 ـ قېتىملىق دۇنيا تاماكا تاشلاش كۈنى. بۇ يىللىق تاماكا تاشلاش كۈنىنىڭ باش تېمىسى «جىنس ۋە تاماكا ـ ئاياللارغا قارىتىلغان بازارنى چەكلەيلى». ھازىر تاماكىنىڭ سالامەتلىككە كەلتۈرىدىغان زىيىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ قالدى. ئالاقىدار تېببىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، تاماكا چەككەنلەرنىڭ يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىرى، راك كېسىلى، ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدىكەن. تاماكىنى يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىدىن قالسا، دۇنيادىكى 2 ـ قاتىل دېيىشكە بولىدىكەن.

ساغلام بولاي دېسىڭىز، دەرھال قولىڭىزدىكى تاماكىنى تاشلىۋېتىڭ.










1 ـ سۈرەتتە: تاماكا چېكىۋاتقان ئايال.

2 ـ سۈرەتتە: تاماكا چېكىۋاتقان قىزلار.

3 ـ سۈرەتتە: تاماكا چېكىۋاتقان بالا.

4 ـ سۈرەتتە: شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن تاماكا تاشلاش پائالىيىتى.

5 ـ سۈرەتتە: 2 ـ قاتىل تاماكا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى)

